# سىلىم چۇڭنىنىڭ ئۈچ ھەپتىسى

(پوۋېست)

سۇبھى

(ئىزاھات : بۇ ئەسەردە تەسۋىرلەنگەن ۋەقەلەرنىڭ ھەممىسى خىيالى بىر توقۇلمىدىن ئىبارەت. ئەگەر پېرسوناژلارنىڭ خارەكتېرى رېئاللىقتىكى بەزى بىر ئادەملەرنىڭ خارەكتېرىگە ئوخشاپ قالغان بولسا، بۇ پۈتۈنلەي تاسادىپىيلىق )

# 1 ـ قىسىم

بۈگۈن سېلىم چۈشىنىغا ئايلىنىپ قالدى. ئەمما ساقچىلار ئۇنىڭ ئائىلىسى ۋە ئۇ ياشاۋاتقان دۆلەتتە تۇرۇشلۇق ئۇيغۇرلارنى يىغىپ ، سېلىمنى ئۆلدى،ـ دەپ ئېلان قىلدى . ساقچىلارنىڭ مەلۇماتىغا ئاساسلانغاندا، سېلىم ئىنتايىن ئېغىر روھى بېسىم ۋە چۈشكۈنلۈك سەۋەبىدىن ، كېچىدە جۆيلۈپ ئۆيدىن چىقىپ كېتىپ، ئۆتتۇشمە كۆۋرۈكتىن يوقۇرى سۈرئەتلىك تاش يولغا چۈشۈپ كېتىپتۇ مىش . ئۇنىڭ چىرايى بۇزۇلۇپ، بەدىنى پارام پارچا بولۇپ كەتكەچكە ئۇنىڭ جەسىدىنى ئائىلىسىگە تاپشۇرۇپ بېرىشكە ئامالسىز قاپتۇ مىش . ئەمما يېقىن ئەتراپتىن تېپىلغان ئۇنىڭغا ئائىت كىملىك ، ئاياق ۋە پايپاق قاتارلىق نەرسىلەر ئۆلگەن كىشىنىڭ ـ سېلىم ئىكەنلىكىنى جەزىملەشتۈرەمىش.

لېكىن ، سېلىم بولسا كىشىلەر توپى ئارىسىدا ئۈياق ـ بۇياققا ئۈچۈپ يۈرۈپ ، نەق مەيداندا بولىۋاتقان ئىشلار ئۈچۈن تېلىقىپ كۈلمەكتە ئىدى . مەخسۇس سېلىمنىڭ نەزىرسى ئۈچۈن ئېلىنغان بۇ مەرىكە زالى ئۇيغۇرلار بىلەن لىق تولغان ئىدى . ئۇيغۇرلارنىڭ چەتئەلدىكى تارىخىدا مەيلى توي ـ تۆكۈن ، مەيلى نەزىر ـ چىراقتا بولسۇن بۈگۈنكىدەك كۆپ ئادەم كەلمەيتتى . بۈگۈنكى نەزىرگە ، ئۇ هايات ۋاقتىدا : نامايىشقا كۆپ ئادەم ئاچچىقالمىدىك ، ئۇيغۇر دەۋاسىنى ياخشى تونۇتالمىدىك ، كاززاپ، يالغانچى ـ دەپ ، ئۇنى تىللىغانلارمۇ، هەممە يەرگە بايراق تاقىۋالدىك ، رەسىممنى تورغا چىقىرىپ قويغانلىغىڭ ئۈچۈن ۋەتەنگە بارالمايۋاتىمەن ـ دەپ ، ئۇنىڭ ياقىسىغا ئېسىلغانلارمۇ، ئەسلىدە نەغمە ـ ناۋا پىكنىكنى كۆپ ئورۇنلاشتۇرغان بولساڭ ، ئۇيغۇرلار بىر يەرگە كەلگەن بولاتتى ـ دەپ ، ئاغرىنىپ ئالايغانلارمۇ، سورۇنلاردا هاراق قۇيمىدىڭ ، دەردىمىزنى تۆكەلمىدۇق، ئېچىلىپ ـ سايرىيالمىدۇق ـ دەپ ، هومايغانلارمۇ ، قىسقىسى مىللەتچى، مۆتىدىل ۋە سىياسەتكە ئارلاشمايمىز ـ دېگەنلەرنىڭ هەممىسى يىغىلغان ئىدى . سېلىم چۈشىن ئۆزى تۇرۇشلۇق بۇ دۆلەتتە ئۆزى تەسەۋۋۇر قىلغاندىنمۇ كۆپ ئۇيغۇرلارنىڭ بارلىقىنى كۆرۈپ هەيران قالدى . ئۇ داستىخان ئۈستىدىكى بىر سىركايىنىڭ گىرۋىكىگە قونىۋېلىپ ، ئۆزىنىڭ نەزىرسىگە كەلگەن ئۇيغۇرلارنى بىرمۇ ـ بىر كۆزەتمەكتە ئىدى.

:ئەنە ئاۋۇ تۆردە ئولتۇرغان تاقىر باش پروففسۇر تېخى يېقىندىلا ئوغلىنىڭ توينى قىلغان ۋە باغاق يازىدىغانلارغا سېلىم قاتارلىق مىللى بۆلگۈنچىلەرگە باغاق يېزىلىپ قالمىسۇن ـ دىگەن ئىدى . ئەمما باغاق يازغىلى كەلگەن ئەمەت ۋە سەمەت قاتارلىقلار ـ ئاكا ۋۇي ! بۇنداق دېسەڭ زادىلا قاملاشمايدۇ . بۇ دۆلەتتىمۇ ئەمدى خىتاي ئىشلەتكەن مىللى بۆلگۈنچى دېگەن ئىبارىلەرنى ئىشلەتسەڭ ياراشمامدىكىن ـ دەپ تۇرىۋالغاچقا ، پروففسور ئامال يوق ـ بوپتۇ يازساق يازىلى ـ دەپ، باغاق يازغان . بىراق، رەسىم ۋە ۋىدىئوغا تارتىدىغانلارغا جىددى ئاگاهلاندۇرۇش بېرىپ ، سېلىمنى رەسىمگە ۋە فىلىمگە تارتىپ قالماسلىقنى ، چۈنكى توي رەسىمى ۋە ۋىدىئولارنىڭ ۋەتەنگە ئەۋەتىلىدىغانلىقىنى ئالاهىدە ئۇختۇرغان ئىدى . توي كۈنى مەيدىسىگە : شەرقى تۈركىستانغا هۆررىيەت ـ دېگەن خەت چۈشۈرۈلگەن ، سۇس هاۋا رەڭ ئىزنەكنى تاقاپ ، تويغا كەلگەن سېلىم ، بۇ پروففسور ۋە ئۇنىڭ خانىمنى شۇنىڭدەك ، سىياسەتكە ئارلاشمايمىزـ دەيدىغان بىر توپ مۆتىدىل زىيالىلارنى قاتتىق بىئارام قىلغان ئىدى . تويدىن كېيىن ، سېلىمنىڭ تويغا ئىزنەك تاقاپ كېلىش ۋەقەسى بۇ زىيالىلار ئارىسىدا كۆپ مۇنازىرە قىلىندى . كۆپىنچىسى بۇنى : بىر مازلىق ـ دەپ قاراشتى. سېلىم چۈشىن ، بۇ پروففسور ۋە ئۇنىڭ بارلىق هەقەمسايىلىرىنىڭ ، ئۆزىنىڭ نەزىرسىگە داخىل بولغانلىقىنى كۆرۈپ، ئەي دۇنيا.......كۆرگىنىڭدىن كۆپتۇر كۆرمىگىنىڭ ـ دەپ، باش سىلكىدى ـ ئالتۇن هەل بېرىلگەن سىركايىنىڭ تاشقى گىرۋىگىدە ئۈيان ـ بۇيان سېرىلىپ . سېلىم چۈشىنىنىڭ كۆزى ئۆز شەهرىدە ياشاۋاتقان يەنە بىر ئەڭ قورقۇنچاق زىيالىغا چۈشتى ۋە ئەقلى هەيران قالدى . ياپىرىم ، مېنىڭدەك بىر خىتاي هۆكۈمىتىنىڭ كۆزىگە قا دالغان مىقنىڭ نەزىرسىگە كەپسەن . هەر هالدا زەررىچىلىك بولسىمۇ ئۇيغۇر روهى باركەن سەندە ـ دەپ ئويلىدى. بۇ قورقۇنچاق زىيالىنىڭ ئىسمى سەمەت شىنجاڭ ـ بولۇپ ، ئۇ تۇنجى قەرەل چەتئەلگە ئوقۇشقا چىققان زىيالىلارنىڭ بىرى ئىدى. 5ـئىيۇل ئۈرۈمچى قىرغىنچىلىقى مۇناسىۋتى بىلەن تەشكىللەنگەن نامايىشقا بۇ شەهەردىكى پۈتۈن ئۇيغۇرلار قوزغىلىپ چىققاندىمۇ ، سەمەت شىنجىئاڭ چىقمىغان ئىدى . ئۇ ، نامايىشقا چىقىش هەققىدە ئۇختۇرۇش قىلىپ تېلىفۇن ئاچقانلارغا ـ مەن نامايىشقا چىقالمايمەن، چۈنكى مەن نۇر بەكرىنىڭ ساۋاقدېشى، 5 يىل بىر پارتىدا ئولتۇرغان دېگىنە ئۇكا ، هەر قېتىم ئۈرۈمچىگە بارسام ، كام دېگەندە 10 مىڭ كويلۇق جوزا بىلەن مېهمان قىلىدۇ

دېگىنە ئۇكا، ئۆرۈمچىدە يەنە ئۈچۈرشۈپ قالساق سەت بولىدۇ. شۇڭا ھازىرچە سىلەر چىقىپ تۇرۇڭلار ئۇكا ـ قانداق دېدىم، تەشكىلات باشلىقىغا ئېيتىپ قوي ، بىزگە ئوخشاش مۇنداق ئالاھىدە ئەھۋالى بارلارغا ئېتىبار بەرسە بولىدۇ ئۇكا ، ھەممە ئادەم سىياسەتكە كىرىۋالغىلى بولمايدۇ-دە ئۇكا ، ئۇنداق دېسەم خاتا چۈشۈنۈپ قالماڭلار يەنە، بىز بار ئادەملەر دېگىنە ـ دەپ، تېلىفۇننى قويۇۋەتكەن ئىدى . ئۆتكەن يىلى ئۇنىڭ قېيىنى ئاتا ۋە قېيىنى ئانىسى ۋەتەندىن كەلدى . بۇ شەھەردە تۇرۇشلۇق ئۇيغۇرلار ئۇلار بىلەن كۆرۈشۈشكە باردى . سېلىم ۋە ئايالىمۇ كۆرۈشۈشكە بېرىۋىدى ، سەمەت شىنجاڭ سېلىمنى بىر چەتكە تارتىپ ، ئاتا ـ ئانام ۋەتەنگە كېتىدۇ ، سىياسى گەپ ـ سۆزلەرنى جىق قىلمىغان بولساڭ ـ دېدى . سېلىم : بولىدۇ ـ دېدى ئەمما ، سورۇن باشلىنىشى بىلەن سەمەتنىڭ قېيىنى ئاتىسى بىلەن قېيىنى ئانىسى ۋەتەندىكى ناھەقچىلىقلار ئۈستىدىن شىكايەت قىلىپ ، خىتاي ھۆكۈمىتىنى ئەيىپلىدى . بۇ ئەھۋاللاردىن بىردە تاتىرىپ ، بىردە قىزىرىپ ئولتۇرغان سەمەت شىنجاڭنى سېلىم چاخچاق قىلىپ ئوخشىتىۋەتتى. ئۇنىڭغا سەمەت شىنجاڭ ـ دېگەن لەقەم مۇشۇ سورۇندا قويۇلغان ئىدى. شۇ كۈنى سەمەت يەنە كۆپچىلىككە : ھەي باللا ھەي، ئوقۇساڭلارمۇ ئوقۇڭلار ، ئەمما ماستىردىن يۇقۇرسىنى ئوقۇماڭلار ، بولمىسا سەمەتتەك نەچچە ك م يىراقتا تۇرۇپ خوجايىنىدىن قورقىدىغان موللام مۇشىكىگە ئوخشاپ قالىسىلەر . ئۇيغۇرنىڭ ئىچىدە ماستەردىن ئېشىپ ئوقۇغان جىگىرى بار ئۇ يىغۇرنى چەتئەلدە كۆرمىدىم ـ دېدى. سەمەت شىنجاڭنىڭ دىنى ۋە ئۆرۈپ ـ ئادەتتى ئازراقمۇ بىلمى يوق ئىدى . بۇ شەھەردىكى ئۇيغۇرلار ئۇنىڭغا قۇربانلىق قىلىدىغان ـ قىلمايدىغانلىقنى ، ئەگەر قىلىدىغان بولسا قوينى بىرقانچەيلەن بىرلىشىپ ، بىرلىكتە زاكاس قىلىدىغانلىغنى ئېيتىپ تېلىفۇن قىلسا ، ئۇ ھازىر توڭلاتقۇرمدا لىق گۆش بار- دەپ جاۋاپ بېرەتتى. رەسىمگە چۈشۈشكە توغرا كەلگەندە ، ياغلىق چەككەن ئاياللارنى ياغلىقىڭىزنى ئېلىۋەتكەن بولسىڭىز ـ دەپ ، بىئارام قىلاتتى. ئۇ رەسىمگە چۈشۈشنى ۋە رەسىمگە تارتىشنى ئىنتايىن ياخشى كۆرىدىغان بولۇپ ، پۈتۈن دۇنيانىڭ رەسىمنى تارتاتتى. ئەمما بۇ دۆلەتتە تۇرۇپ ئۇيغۇر مەسلىسىنى شۇ دۆلەتكە ئاڭلىتىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىۋاتقان جەڭگىۋارلار بىلەن يالغاندىن رەسىمگە چۈشكەندەك بولاتتى-دە، ئەتىسى ئۇنى تەھرىرلەپ چىقىرىۋېتەتتى. سەمەت شىنجاڭنىڭ ئۆيدە ئۆتكۈزۈلگەن شۇ كۈنكى سورۇندا سېلىم سەمەت شىنجاڭنى چاخچاق قىلىپ سورۇندا قىقاس چۇقان چىقىرۋەتتى. سېلىم سەمەت شىنجاڭنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايۇنلۇق ھۆكۈمەتنىڭ ئەكە بالىسى، نۇر بەكرىنىڭ ئەتىۋارلىق مېلى، ھېلى غاجىجدە ئۇ سورۇنغا ، ھېلى غۇجىجدە بۇ سورۇنغا ئۈچۈپ يۈرىدىغان داستىخان چۈمۈنى ـ دەپ ، ئوخشۇتىۋەتتى . سەمەت شىنجاڭ بولسا بالىمىزنى چەتئەلدىكى ياخشى ئالى مەكتەپتە ئوقۇتىۋاتىمىز بۇمۇ ئىنقىلاپ دىدى.سېلىم ۋە ئۇنىڭ بۇرادەرلىرى بولسا،ۋەتەندىكى دېھقانمۇ ئوقۇتىۋاتىدۇ چەتئەلدە. بالاڭنى ئوقۇتماي، خىتاي كونسۇلىغا چايچى قىلساڭ بولامتى ۋەيت...........دەپ ئوخشىتىۋەتكەن ئىدى . سەمەت چەتئەلدە ياشاۋاتقىنىغا 20 يىلدىن بولغان بولسىمۇ ، ئۇ شەرقى تۈركىستان ـ دېگەن ئىسىمدىن ئۆلگىدەك قورقاتتى. سورۇنلارغا بېرىشقا توغرا كەلسە ئاۋال دوست ـ بۇرادەرلىرىگە تېلىفۇن قىلىپ، بايراق بار ـ يوقلىقىنى سورىغاندىن كېيىن ، بايراق يوق ـ دېسە باراتتى . لەقەمنى خىزىر قويىدۇ- دە ـ دەپ، كىشىلەر ئۇنى سەمەت شىنجاڭ- دەپ ، ئاتايدىغان بولۇشتى ...... سېلىم چۈشىن ئالتۇن ھەل بېرىلگەن سىركايىنىڭ چۆرىسىدە ئولتۇرېلىپ ھەممە ئادەمنى تاماشا قىلاتتى.

:ئەنە ئاۋۇ يەردە ئولتۇرغان پاينەكۋاش ئاپتونوم رايۇندىكى مەلۇم بىر ئەمەلدارنىڭ كۈي ئوغلى. ئىسمى جورئەت . دەسلەپكى مەزگىللەردە سېلىم چۈشىن بۇلار تەشكىللىگەن ئاكادېمىكلەر ئولتۇرۇشىغا قاتناشقان ئىدى . ئەمما ئۇ بۇ ئولتۇرۇشنىمۇ جېدەل بىلەن ئاخىرلاشتۇردى . سېلىم چۈشىن غەرپ مەدەنىيتىگە ئانچە ماسلىشالمىغان ئىدى. ئۇ كۆپۈنچە ئىشلارنى غۇلجا پاسۇندا ، لوكچەك پەدىسى پۈتتۈرەتتى . غەرپ مەدەنىيتىدىكى يالغاندىن كولۇپ تۇرۇپ سىلىق- سىپايە ئىبارىلەرنى قوللىنىشتىن ئىبارەت مەدىنيەت ئەندىزىسى بىلەن سېلىمنىڭ ئاتا بوۋىسىدىن قالغان ئۇيغۇرچە مەدەنيەت توقۇنۇشماقتا ئىدى . ئۇ ، ئۇيغۇر ئاكادېمىكلار ئولتۇرۇشىغا 4 قېتىم قاتناشتى 1- قېتىملىق ئولتۇرۇش رابىيە قادىر خانىمنىڭ رەھبەرلىك سەنئىتىگە ئائىت غەيۋەتلەر بىلەن تولدى . سورۇن ئىچىدىكى بىر ئاكادېمىك رابىيە قادىر خانىمغا غەرپتىكى رەھبەرلىك سەنئىتى ـ يەنى ئوباما ۋە باشقا غەرپ رەھبەرلىرى بىلەن بىر ئورۇندا قويۇپ ، رابىيە قادىر خانىمنىڭ ھازىرقى رەھبەرلىك سالاھىيىتى ۋە قابىلىيتىنى مەسخىرە قىلىشقا تىرىشتى . سېلىم بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ، چىداپ ئولتۇرالماي قالدى . ئۇنىڭ ئالقانلىرى قىچىشىپ، كاللىسىدا قانداقتۇر بىر سېزىم ئۇنىڭغا : ئۇر! تازا كېلىشتۇرۇپ بىرنى سال . بۇرنىدىن قان كەتسۇن- دەپ ، بۇيرۇق بەرمەكتە ئىدى . بىراق، سېلىم ئۆزىنى قاتتىق تۇتۇۋېلىشقا تىرىشتى ۋە شۇنداق قىلدى . ئەگەر ئوباما شەرقى تۈركىستاندا تۇغۇلغان ۋە شۇ مۇھىتتا ئۆسۈپ يېتىلگەن بولسا، پەقەت ھازىرقى ئوباما بولالمىغان بولاتتى . ئەمما رابىيە قادىر خانىم ئامېرىكىدا تۇغۇلۇپ ، شۇ مۇھىتتا ئۆسۈپ تەربىيەلەنگەن بولسا ، ئوباما بولالىغان بولاتتى . بۇ ئىنتايىن ئاددى بىر ھايات قانۇنى- دەپ، جاۋاپ بەردى ئۆزىنى قاتتىق تۇتۇۋېلىپ . سېلىم چۈشىننىڭ خارەكتىرى بويىنچە ئېيتقاندا بۇ تەقدىرلەشكە تېگىشلىك ئۆزىنى

تۇتۇۋېلىش ھېساپلىناتتى.  ئۇنىڭ بۇلار  بىلەن قاتتىق بىر مۇنازىرە قىلغۇسى بار ئىدى . لېكىن ئۇ خەيرىيەت  ـ دەپ ئۆتكۈزىۋەتتى. 2 ـ قېتىملىق ئولتۇرۇشتا ناسىر ئىسمىلىك بىرسى غەرپ دۆلەتلىرىنىڭ سىياسى پانالىق تىلىگۈچىلەرنىڭ ساپاسىغا قارىماي قوبۇل قىلىۋاتقانلىقىنى تىلغا ئېلىپ ، شۇ ۋەجىدىن چەتئەللەردە ئوقىمىغان ، قارا قوساق ئۇيغۇرلارنىڭ كۆپىيىپ كەتكەنلىكىنى شكايەت قىلدى . سېلىم بۇ قېتىم چىداپ ئولتۇرالماي قالدى ـ دە : غەرپ دەۋلەتلىرى     ئۇيغۇرلارغا بېرىۋاتقان سىياسى پانالىق ـ ئادەملەرنىڭ مەدەنىيەت ساپاسىنىڭ يوقۇرى ـ تۆۋەنلىگىگە ئەمەس، بەلكى ھاياتىنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە ئۆلۈم خەۋپىگە دۇچ كېلىۋاتقانلىقىغا قاراپ بېرىلىدىغان  پانالىق . ئەگەر بۇ بىر ئەۋلات ئۇيغۇرلار ئوقۇمىغان بولسا ، كېلەچەكتە ئۇلارنىڭ بالىلىرى دۇنيادىكى ئىلغار ئالى مەكتەپلەردە ئوقۇشقا مۇۋەپپەق بولىدۇ.  بىر مىللەتنىڭ كېلەچىكى ئىنتايىن مۇھىم. ئۇنىڭ ئۇستىگە خىتايدىن كېلىپ سىياسى پانالىق تىلەپ  يەرلىشىۋاتقان خىتايلارنىڭ ساپاسىمۇ ئوخشاشلا تۆۋەن ـ دېدى سېلىم.

ئىنسانلار ئاجىز ۋە ئەڭ ئاجىز نەرسىلەرنىڭ بىرىدۇر. ئۇلار ئۆزى كۆرمىگەنلىكى سەۋەبىدىنلا ـ بۇ يەردە ھېچنىمە يوق ـ  دەپ قارايدۇ. ئەمما ئىنسانلار ياشاۋاتقان بۇ بوشلۇقتا ئادەملەرنىڭ كۆزىنىڭ كۆرۈش دەرىجىسى يەتمەيدىغان ، يەنە نۇرغۇن مەۋجۇداتلار ياشاۋاتقان بولىشى مۇمكىن . مەسىلەن شەيتان ۋە باشقا بىز كۆرەلمەيدىغان نۇرغۇن نەرسىلەر بىز نەپەس ئېلىۋاتقان بۇ ھاۋا بوشلىقىدا ئادەملەرگە ئوخشاش نەپەس ئېلىۋاتقاندۇت. بەلكىم ئۇلار ئادەملەرنىڭ رەزىللىكىنى كۆرۈپ ئۆزلىرىنىڭ ئادەم بولۇپ تۇرۇلۇپ قالمىغانلىقى ئۈچۈن ئاللاھدىن چەكسىز مىننەتدار بولۇپ ياشاۋاتقاندۇت . بەلكىم ئۇلار دۇنيادىكى بارلىق ئادەملەرنى سېلىشتۇرۇشقا توغرا كەلگەن چاغلىرىدا ، چەتئەللەردە ياشاۋاتقان ئۇيغۇر دېگەن بۇ مىللەتتە بارغانچە پۇچەكلىشىپ كېتىۋاتقان جامائەتچىلىك ، روھى خۇنۈكلىكلەرنى، چىقىمچىلىق م خائىنلىق ۋە بىر بىرىنى چا پۇتلاشلارنى  كۆرۈپ تەنلىرى جۇغۇلداپ ، سەسكىنىپ ـ سەسكىنىپ قۇسقىسى كېلىپ كېتىۋاتقاندۇ ر ـ ھە؟ سېلىم چۈشىنگە ئايلىنىپ قالغانلىقى، ئىنسانلارغا ئادەم سۈپىتىدە كۆرۈنمىگەنلىكى ئۈچۈنلا، ئادەملەر ئۇنى ئۆلدى ـ دەپ چۈشەندى . ئەمىلىيەتتە سېلىم ئۆلمىگەن ۋە ئادەملەر توپى ئارىسىدا بار . پەقەت شەكلى ئۆزگەرگەن ئىدى. سېلىم ئادەملەر توپى ئارىسىدا ئۈچۈپ يۈرۈپ،  بىردە ئۇنىڭ ، بىردە بۇنىڭ ئۇ يەر ، بۇ يەرلىرىگە قونۇپ ، ئادەملەرنى گالۋاڭ قىلىۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما ئادەملەر ئاجىزلىقى سەۋەبىدىن سېلىمنى ئۆلدى ـ  دەپ قاراپ،  ئۇنىڭ ئۈچۈن ماتەم مۇراسىمى ئۆتكۈزمەكتە. ھازىرقى ئىلغار تېخنىكىمۇ سېلىمنىڭ چۈشىنگە ئايلىنىپ قالغانلىقىنى ئېنىقلاپ چىقالمىغان ئىدى.

سېلىم ئۇيغۇر بولۇشتىن جاق تويغان ئىدى . بۇنىڭدىن 10 يىل ئىلگىرى ئوتتۇرا ئاسىيادا بىرسى ئۇنىڭغا ئۇيغۇر بولۇشتىن جاق تويدۇم ـ  دېۋىدى ، سېلىم ئۇنى ئاشخانىنىڭ كابىنتلىرىغا نىختاپ تۇرۇپ، مانا ئۇيغۇر بولغانغا تويغان بولساڭ ـ دەپ ، تازا سالغان ئىدى. ئۇ ئىلگىرى ئۇيغۇرلۇقتىن تويۇش ھەققىدە كۆپ مۇلاھىزە يۈرگۈزگەن ۋە بۇ خىل تويۇش، ئىپپەتلىك ئۇيغۇر ئۈچۈن نۇمۇس ـ دەپ قارىغان ۋە قوبۇل قىلالمىغان ئىدى . مانا بۈگۈن سېلىم ئۆزى ئۇيغۇرلۇقتىن جاق تويغان  ۋە ئۇيغۇر بولۇپ ياشىغاندىن چۈش بولۇپ ياشاشقا رازى بولغان ئىدى . چۈش ئادەتتە تۇخۇم بولۇشقا باشلىغاندىن تارتىپ پەقەت 25 كۈنلا ياشىيالايدۇ.  ئەمما سېلىم بۇ 25 كۈن جەريانىدا  ئادەملەر توپى ئارىسىدا چۈش سىياقىدا تۇرۇپ، ئادەملەرنىڭ ئۆز ئۆلۈمىگە قانداق  رېئاكسىيە قايتۇرىدىغانلىقى قاتارلىقلارنى كۆزىتىدۇ . ئۆزى ھايات ۋاقتىدىكى دوستى ۋە دۈشمەنلىرىنىڭ ياقىسىغا ياكى چاپىنىنىڭ پېشىگە قونۇۋېلىپ ئۇلارنى 24 سائەت نازارەت قىلالايدۇ. بۇ ئارقىلىق ئۇ ئۆز كاللىسىدا ئۇيغۇر جەمىيتىدىكى چىگىش توقۇناق بولۇپ كەتكەن سىرلارنى يېشەلەيدۇ.  چەتئەللەردىكى ئۇيغۇر جەمىيتىدە زەئىپلەشكەن زىيالىلىق ،ئادېمىلىك ۋە ئەركەكلىكنىڭ سەۋەپلىرىنى تېپىپ چىقالايدۇ. خائىن ، مۇناپىقلار، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ قۇلاقلىرى ئۇيغۇر  روھىيىتىدىكى قورقۇش پسىخكىسىنىڭ سىرلىرىنى تاپالايدۇ. بۇ سېلىم ئۈچۈن ئادەم بولۇپ 70 يىل ياشىغاندىن مىڭ ئەلا . چۈنكى نېمىلا دېگەن بىلەن ئۇ ئۆز كاللىسىدىكى نېمە ئۈچۈن ـ دېگەن سوئاللارغا جاۋاپ تېپىپ  ئۆلۈپ كېتىدۇ. چۈنكى نېمە ئۈچۈن  دېگەن  سوئالغا، بۇ ئەرەپ چېچىدەك توقۇناق بولۇپ كەتكەن ئۇيغۇر جەمىيتىدىن جاۋاپ تېپىشنىڭ ئۆزى بىر بەخت.

سېلىم چۈشىنغا ئايلانغان تۇنجى كۈنلا ئۆلۈمنىڭ ھەممە ئادەمنى بىر مەركەزگە ئەكىلەلەيدىغان نەرسە ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈردى.  چۈنكى ئۇ ئالتۇن ھەل بېرىلگەن سىركايىنىڭ گىرۋىكىدە خۇددى مۇز ئۇستىدە كانكى تېيىلىۋاتقان چولپاندەك ئۇ ياق بۇ ياققا ئىرغىپ ئۆزىنىڭ ئادەم ئۆلىمىگە بارلىق ئۇيغۇرلارنىڭ تولۇق كەلگەنلىكىنى ۋە ئوخشاش مەخسەتتە يىغىلالىغانلىقىنى كۆردى.

شۇنداق، ئادەملەرنى مۇنداق 2 نەرسە بىر مەركەزگە ئەكىلەلەيدۇ . بىرى ئۆلۈم ، يەنە بىرى ئەينى تىلدا سۆزلەشكەنلەر ئەمەس بەلكى ئەينى تۇيغۇنى ۋە ئەينى روھنى ئۆرتاقلىشالىغانلار . ئۇيغۇر جەمىيىتىدە ئەينى تۇيغۇنى ئورتاقلىشش يەنى ۋەتەن مىللەت تۇيغۇسىدا شەخسى مەنپەئەتنى ئارلاشتۇرماي ئورتاقلىشش ئىنتايىن قىيىن . چۈنكى ھاياتنى قورقۇش ۋە ئېھتىيات ئىچىدە ئۆتكۈزگەنلەر كۆپ سالماقنى ئىگەﷲيدۇ. بۇنداق مىللەت ئىلگىرى باسالمايدۇ ۋە ئارقىغا چامدايدۇ. ئۇيغۇر جامائەتچىلىكىدە كۆرۈلۈۋاتقان بۇ قورقۇ ۋە ۋەھىمە ماھىيەتتە سىلىمدەكلەرنىڭ ئۇيغۇرلۇقتىن جاق تويۇپ، چىۋىنگە ئايلىنىشىنىڭ تۈپ سەۋەبى ئىدى.

ھايات قانچىلىك قىممەتلىك بولسا، ئۆلۈممۇ ئوخشاش دەرىجىدە قىممەتلىك. ۋەتەن ۋە مىللەت ئېپىپتىنى يۈرىكىدە كۆتۈرۈپ يۈرگەن ئەركەكلەر ئۆلۈمدىن قاچماس ، بەلكى ئۆلۈم بىلەن ياشار . بۇنداق ئەركەكلەر شەرقى تۈركىستاننىڭ ھەرقايسى دەۋرلىرىدە كۆرۈلۈپ تۇردى. ئۇلار قىممەتلىك ئۆلۈملىرى بىلەن مىللىتى ۋە خەلقىنى ئۆزى ھەققىدە قايتا ئويلىنىش دەۋرىگە باشلاپ كىردى. شۇنداق، قەھرىمانلار بىلەن خائىنلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرققە تارىخ باھا بېرىدۇ . ئەمما ھەق ـ ناھەق مەسىلىلىرىدە سۈكۈت قىلغانلارمۇ خائىنلار جۈملىسىدىندۇر. سىلىم چىۋىنگە ئايلىنىش ئارقىلىق ئۆلۈمنىڭ قانچىلىك قىممەتلىك نەرسە ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتى . چۈنكى ئادەملەر ئۇنى ئۆلدى ـ دەپ قارىماقتا ئىدى . سىلىمنى ئادەملەر كۆرەلمەيتتى. لېكىن سىلىم ئادەملەرنى كۆرەلەيدۇ ۋە ئۇلارنىڭ قىلىشقان سۆزلىرىنى ئاڭلىيالايدۇ . سىلىم ئۆزىنى ئۆلدى ـ دەپ ئويلاۋاتقان ئۇيغۇر قەۋمىنىڭ، ئۆز ئۆلىمگە قانداق باھا بېرىۋاتقانلىقىنى كۆزىتىۋېتىپ ، ئانىسى رەھمەتلىكنىڭ مۇنۇ سۆزلىرى ئېسىگە كېلىپ قالدى . چوڭ ئائىلىنى باشقۇرۇش ۋە رەتكە سېلىشتا تولا سۆزلەيدىغان دگەن نامغا داخىل بولغان سىلىمنىڭ ئانىسى خۇرشىدەم خانىم ھەردائىم ئۆلۈپ تۇرۇپمۇ مۇشۇلارنىڭ نېمە قىلالايدىغانلىسنى كۆرگىلى بولسا كاشكى، بۇلار مەن يوق قانداق قىلىدىكىن بىر كۆرۈپ باقسام ـ دەيتتى قاخشاپ.

سىلىمنى ئۆلۈپ كېتىپتۇ- دېگەن خەۋەرنى ئاڭلىغان رابىيە قادىر خانىمنىڭ قولىدىكى سىركايىسى ئىختىيارسىز يەرگە چۈشۈپ، پارە-پارە بولۇپ كەتتى . ئۇ ئايرۇپىلان بىلەن دەرھال سىلىم تۇرۇشلۇق دۆلەتكە يېتىپ كەلدى . سىلىم تۇرۇشلۇق دەۋلەتنىڭ باش مىنىستىرى، يېشىل ۋە دېموكراتىك پارتىيەلەر لىدىرلىرى شۇنىڭدەك تىبەت ، موڭغۇل قاتارلىق تەشكىلاتلار سىلىم ئۈچۈن تەزىيە تېلىگراممىلىرى ئەۋەتتى . سىلىم تۇرۇشلۇق دۆلەتتىكى تۈرك تەشكىلاتلىرىنىڭ باشقانى ئەۋەتكەن تېلىگراممىغا مۇنداق يېزىلغان ئىدى: مەن سىلىمگە ئەمەس بەلكى سىلىمدەك سەركىسىدىن ئايرىلىپ قالغان ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىمغا ئىچ ئاغرىتىۋاتىمەن، باشىڭىز ئامان بولسۇن . ئۇيغۇرلارنىڭ بۇندىن كېيىن ۋەتىنى ۋە مىللىتى ئۈچۈن مىننەتسىز بەدەل تۆلەيدىغان سىلىمدەك كۆپ تىللىق ۋە ئېقتىدارلىق بىر يىگىتنى يېتىشتۈرۈپ چىقىشى بەك مۇشكۈل.....

تېخى يېقىندىلا سىلىمنى بۇ خىتاينىڭ بىز تۇرۇشلۇق دۆلەتتىكى قۇلىقى بولۇشى مۇمكىن ، ئەگەر ئۇنداق بولمىغان بولسا بۇ نېمىشكە ئۇنچىلا ئاكتىپ، ئۆز يېنىدىن پۇل چىقىرىپ پىكىنىك قىلىدۇ، ئۇ دۆلەت ، بۇ دۆلەتكە قاترايدۇ، بۇ زادى پۇلنى نەدىن ئېلىۋاتىدۇ- دەپ ھۇمان قىلغان، ئۇيغۇر جەمىيىتىنىڭ رەئىسى ناھايىتى ئۇزۇن نۇتۇق سۆزلەپ ، سىلىمنى ئۇيغۇر تارىخىدا ئاز كۆرۈلىدىغان قەھرىمان ـ دەپ تەرىپلىدى. ئۇ يەنە سىلىمنىڭ ئارىمىزدىن ۋاقتسىز كېتىشى ئۇيغۇر مۇستەققىللىق دەۋاسى ئۈچۈن ئىنتايىن زور يوقۇتۇش ـ دىدى ۋە ناھايىتى تەسىرلىك ئىبارىلەرنى قوللۇنۇپ مۇراسىمغا كەلگەن بارلىق ئۇيغۇرلارنى كۆز ياشلىرىغا بوغۇۋەتتى. بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغان سىلىم چۆچۈن قاقاھلاپ كۈلۈپ : ھەي ـ دېدى ئۇ ئىچىدە دۇنيا كېچىكىش ۋە گۇمانلار بىلەن تولغان . كۈچى ۋە قۇدرىتى بولمىغان ، ۋەتىنى ۋە دۆلىتى ۋە ئۆز ئالدىغا بېخەتەرلىك ئىدارە تەشكىلاتلىرى بولمىغان مىللەت گۇمانخور كېلىدۇ. شىلدىر قىلغان شەپىنى تۇيۇپ قالسا ئوغرى كىرگەن ئوخشايدۇ ـدەپ گۇمان قىلىدۇ. بۇ يەردىكى گۇناھلار گۇمانخورغا ئايلانغان مىللەتتە ئەمەس بەلكى ئۇلارنى گۇمانخورغا ئايلاندۇرۇپ قويغانلاردا. سىلىم بۇ قېتىم يەنە ئۆلۈمنىڭ قارا تۆھمەت ۋە گۇمانلارنى يۇيۇپ تازىلايدىغان رولى بارلىقىنىمۇ تونۇپ يەتتى . ئۇ ۋىڭگىدە ئۈچۈپ بېرىپ رەئىس سۆزلەۋاتقان مىكرافۇننىڭ بېشىغا قونۇپ، جېنىنىڭ بارىچە: قەدىرلىك ئۇيغۇرلۇرۇم ! سىلەر بىر كۈچلۈك ئىستىخبارات قۇرۇلمىسىنى شەكىللەندۈرەلمىگەن مۇددەتچە ، بىر بىرىڭلاردىن گۇمان قىلىپ ئۆتىسىلەر ـ دەپ، جېنىنىڭ بارىچە ۋارقىراۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئىنسانلار دۇنياسىغا ئاڭلىتىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى . رابىيە قادىر خانىممۇ قىسقا ۋە مەنىلىك نۇتۇق سۆزلەپ مۇنداق دېدى: ھۆرمەتلىك ئۇيغۇر جامائىتى ، مەن ئوك قولۇمدىن ئايرىلىپ قالدىم، ئۇيغۇر داۋاسى ئوڭ قولىدىن ئايرىلىپ قالدى . بۈگۈن ئۈچۈن خىتاي كۈلمەكتە ئەمما تەڭرىتاغ، زەرەپشان قاتتىق مۇسبەتتە . بىر سىلىم ئۆلسە بىز مىڭ سىلىم بولۇپ ئۇيغۇر داۋاسىنى بىر مىنۇت بىر سىكنۇتمۇ كېچىكتۈرمەي داۋاملاشتۇرىمىز ! ئامىن..........ئامىن......زال ئىچىگە لىق تولغان ئۇيغۇر جامائىتىنىڭ قىۋىرىقى زالدىن تاشقىنلاپ كارىدورلارغا تۇتاشقان

ئىدى . ئۇنىڭ كۆزى قارا رەڭلىك ھازىدارلار ياغلىقى چىگىپ، يوغان قارا كۆز ئەينەك تاقاپ ، ئوغلى ۋە قىزىنى يېنىغا ئېلىپ قوشاق قېتىپ يىغلاۋاتقان ئايالى بۇسارەمگە چۈشتى . سىلىم ئادەم ۋاقتىدا ئۇنى ھۆي خۇشتارمەن، ئۇيغۇر دەۋاسىغا دۇم چۈشكەن، ئۆزى مەغرىپتە تۇرۇپ مەشرىققە بىر ئۇيغۇر كەپتۇ دىسە يۈگرەپ بارىدىغان ئاخماق، سەندەك ئاخماقتىن دۇنيادا بىرى بار ئىككىنجىسى يوق 25 يىل خوتۇن بوپتىمەن ساڭا ، بىر تال ئالتۇن ئۈزۈكىڭنى كۆرمەپتىمەن ـ دەپ تىللايدىغان، تولا تاپا تەنە قىلىپ سىلىمنىڭ مىڭىسىدىن ئوت چىقىرۋېتىدىغان خوتۇنى بۈگۈن سىلىم ئۈچۈن يىغلىماقتا ئىدى. :

ۋاي دوستۇم..ۋاي دوستۇم ..ۋاي دوستۇم، ئاقكۆڭۈل مەرت دوستۇم، ئەجەپ ۋاقتىدا كېتىپ قالدىڭغۇ دوستۇم. خەلقىڭنىڭ ساڭا ئېھتىياجى بارتىغۇ دوستۇم، رابىيە قادىرنىڭ يان تايىغىتىڭغۇ دوستۇم، ئۇيغۇر داۋاسى سەنسىز قانداق ماڭىدۇ دوستۇم، تەڭرىتاغلىرى سەن ئۈچۈن يىغلاۋاتىدۇ دوستۇم، ئەمدى تېخى يېڭى ھوئۇسە ئۆي سېتىۋالغانتىڭغۇ دوستۇم، سەرسانچىلىقتا ئۆزۈن يىل ئايرىلىپ ياشاپ ئەمدى ئائىلەڭ بىلەن جەم بولغان ئىدىڭغۇ دوستۇم..... سىلىم ئايالىنىڭ ئۆزى ھەققىدە بۇنداق قوشاق قېتىپ يىغلىغىنىنى كۆرۈپ كۈلۈپ تېلىقىپ- كۆزلىرىدىن ياش چىقىپ كەتتى. ئۇ غىڭ- غىڭ غىڭلداپ بىردە ئايالىنىڭ يۈزىگە بىردە ياغلىقىنىنىڭ ئۈچىغا قونۇپ ئايالىغا چاخچاق قىلىشقا باشلىدى. لېكىن ئايالى قولى بىلەن سىلىم چىۋىنىنى ۋۇش-ۋۇش دەپ قورۇپ قويۇپ يىغىسىنى يىغلاۋەرمەكتە ئىدى. خوتۇن يىغلىماڭلا، مەن ئۈچۈن بۇنچىلىك يىغلايدىغىنىڭلارنى بىلگەن بولسام، چىۋىنغا ئايلانماس ئىكەنمەن، پاخخا خوتۇن دادام بىلىپ ئېپ بىرىپتىكەن جۇما سىلىنى، ئادەم چېغىمدا قەدرىمنى بىلمىگىنىڭلار بىلەن ، يوقاپ كەتكەندە قاتقان قوشاقلىرىڭلاردىن ئۆرگىلەي ، سىلىم چىۋىن ئۆزى چاخچاق قىلىپ ئۆزى ـ ۋەت ـ دەپ كۈلۈپ ، ئۆيىنى بېشىغا كىيىۋاتقان بولسىمۇ بىراق ئۇ ئاۋازىنى ئىنسانلارغا ئاڭلىتالمايتتى . سىلىمگە بۇ خوتۇننى دادىسى ئاتۇشتىكى تۇققانلاردىن ئېلىپ بەرگەن ئىدى . ئاتۇشنىڭ ئاياللىرى ھەقىقەتەن قوشاقچى كېلىدۇ ئەلۋەتتە.

سىلىمنىڭمۇ مۇھەببەتلىك ، ئالتۇندەك ياشلىق چاغلىرى بولغان . ئۇ شەرقى تۈركىستان ئۇنىۋېرستېتىدا ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدا رەنا ئىسىملىك گۈزەل بىر قىزنى سۆيگەن ئىدى . ئۇلارنىڭ شەرقى تۈركىستان ئۇنىۋېرستېتىنىڭ كۇتۇپخانىلىرىدا ، قىزىل بىنانىڭ ئارقىسىدىكى گۈزەل سەيلىگاھلاردا، ئىلى دەرياسى بويلىرىدا، ۋاڭ قادىر باغچىلىرىدا ، شۇنداقلا ئۈچ دەرۋازىنىڭ تىرەكلى كوچىرلىرىدا ياشلىق ۋە مۇھەببەتنىڭ چوڭقۇر ئىزنالىرى قالغان. ئۇ رەنا بىلەن يازلىق تەتىلدە غۇلجىنىڭ تۆرەم مەھەللىسىدىكى بىر ساۋاقدېشىنىڭ بوۋكىدە ئۈزۈم باراڭلىق قوروسىدا ئۆتكۈزۈلگەن بىر كەچلىك ئولتۇرۇشقا داخىل بولغان ئىدى . شۇ كۈنكى ئولتۇرۇشتا گۇئاڭجۇ شەھرىدە تىجارەت قىلىدىغان پوخۇر كىيىنىۋالغان بىر يىگىت كېلىپ رەنانىڭ دوستى گۈلنازنى تانسىغا تارتتى . گۈلناز ئەدەپ بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ ۋالىسقا پېقىراشقا باشلىدى.

بۇلۇتلار ئاراسىدىن ،

ئاي چىقىپلا كۈلگەندەك.

قەلبىم مېنىڭ يىغلايدۇ

يار يادىمغا يەتكەندە.

ۋالىس مۇزىكىسىغا چېلىنىۋاتقان ئاكاردىيون ۋە ئېيتىلىۋاتقان ناخشا غۇلجا شەھرىنىڭ ئۈزۈم باراڭلىق ھويلا- ئاراملىرىدىن ھالقىپ ، تۈن قاراڭغۇلىقىنى يېرىپ ، مەھەللىدىن ـ مەھەللىگە سوزۇلماقتا ئىدى . گۈلناز بىلەن تانسا ئويناۋاتقان، ئاق كۆينەك قارا ئىشتان ، ئاق ئاياق كىيىۋالغان بۇ پوخۇر يىگىت ھاراقنى ھەددىدىن زىيادە كۆپ ئىچىۋالغانلىقى ئۈچۈن، دەلدەڭشىپ ، تانسىنى داۋاملاشتۇرالمايلا قالدى . بۇ ئەھۋالدىن بىئارام بولغان گۈلناز يىگىتنىڭ قولىلىرىنى مۈرىسىدىن ئېلىپ تاشلىۋېتىپ ، جايىغا كېلىپ ئولتۇر ئۇۋالدى . بۇ سەۋەپلىك بىردەمنىڭ ئىچىدىلا سورۇندا جېدەل چىقىشقا باشلىدى . ئالى مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى بىلەن سودىگەر يىگىتلەر تىركىشىپ قالدى. گۈلنازنىڭ تانسا ئويناشنى داۋاملاشتۇرماي ئولتۇرىۋېلىشى- سودىگەر يىگىتلەرنى ياراتمىغانلىق بولارمىش . بۇ ۋەقە سودىگەر يىگىتلەرنىڭ قاتتىق غورۇرىغا تېگىپتىمىش . دەل شۇ چاغدا رەنا دەرھال ئوتتۇرغا سەكرەپ چىقتى- دە ، يوقۇرى ئاۋازدا سۆزلەشكە باشلىدى ـ ئەگەر ھەقىقەتەن غورۇرلۇق ئوغۇل بالا بولساڭلار ، ئىچكىرىدىن سەلدەك ئېقىپ كېلىۋاتقان خىتاي ئاققۇنلىرىغا قىلىڭلار بۇ يوغانچىلىقىڭلارنى . قانداق دېگەن گەپ بۇ ! ـ رەنانىڭ ئاۋازى جاراڭلىق ۋە تىترەپ چىقماقتا ئىدى . دەل شۇ چاغدا سىلىم رەناغا لاپپىدە قىلىپ قارىدى . ئۇنىڭ نەزىرىدە رەنا خۇددى كىنولاردىكى ئاياللار ئەركىنلىكى ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتقان، نۇتۇق سۆزلەۋاتقان ئاياللاردەك

بىلىندى . ئۇنىڭ غەزەپتىن قىزارغان يۈزلىرى ، ئۇزۇن ۋە زىبۇ- زىننەتسىز بويۇنلىرى ، قوللىرىنى شىلتىپ سۆزلىگەن چاغدىكى تەبئىي بەدەن گۈزەللىكى سېلىمنىڭ دىققىتىنى چەككەن ئىدى.

سېلىم رەنا بىلەن غۇلجا شەھەرلىك 7- ئوتتۇرا مەكتەپتە بىللە ئوقۇغان ئىدى . ئەمما ئۇ ، رەنادىن بىر سىنىپ يۇقۇرى ئىدى . ئۇ، رەنادىكى بۇ جەڭگىۋارلىقنى تۇنجى قېتىم كۆرۈشى ئەمەس . 12 - دېكابىر ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتى بولغان چاغدا سېلىم نامايىشچى ئوقۇغۇچىلار توپى ئارىسىدا تۇرۇپ رەناغا سەپ سالغان ئىدى . ئاپپاق لەپىلدەپ يېغىۋاتقان قاردا رەنا، قارا يۇڭ بۆك- شارپا، پەلەي، ئۇزۇن قارا ، ئېچى پەي پەلتۇ كىيىۋالغان بولۇپ ، دوستلىرى بىلەن بىرلىكتە ، ئانا ۋەتىنىمىزدە ئاتوم سىناقلىرى توختىتىلسۇن ، خىتاي ئاققۇنلىرى چىقىپ كەتسۇن - دەپ ، توختىماي شوئار تووۋلىغان ۋە ئوقۇغۇچىلار ۋەكىلى بولۇپ سابىق ئاپتونوم رايۇنىنىڭ ئەمەلدارلىرى - سوڭخەنلىئاڭ قاتارلىقلار بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزگەن . ئۇلارغا ئالى مەكتەپ ئوقۇغۇچىلار ۋەكىللىرى تەرىپىدىن تەييارلانغان تەكلىپ دوكلاتىنى سۇنغان ئىدى . سېلىمنىڭ نەزىرىدە رەنا ھاكاۋۇر، ئاقساقال بىر قىز ئىدى . شۇنداق تۈيغۇدا بولغىنىغا قارىماي قانداقتۇر بىر سېزىم ، بىر ئوت ئۇنى قىينىماقتا ئىدى.

شۇ كۈنكى ئولتۇرۇشتىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ، سېلىم ئۈيان ئۆرۈلۈپ ، بۇيان ئۆرۈلۈپ زادىلا ئۇخلىيالمىدى. : بو يوغانچىلىقىڭلارنى ئېچكىرىدىن سەلدەك ئېقىپ كېلىۋاتقان خىتاي ئاققۇنلىرىغا قىلىڭلار.........بۇ ئاۋاز سېلىمنىڭ قۇلاق تۈۋىدە جاراڭلاش بىلەن بىرلىكتە رەنا ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا تېخىمۇ گۈزەل بولۇپ كۆرۈنۈشكە باشلىدى. نېمە دېگەن تەبئىي گۈزەللىك بۇ قىزدىكى . ۋاي- ۋاي . ئۇ ئۆزى شۇنچىلىك گۈزەلمىدۇر ۋە ياكى ئۇنىڭدىكى جەڭگىۋارلىق ئۇنى گۈزەل قىلىپ كۆرسەتتىمۇ؟ ئەجابا بۇرۇن نېمشقا بۇ گۈزەللىكنى سەزمىدىم؟ كىيىۋالغىنى ئاددى بىر چىت كۆينەك ھە . شۇ كېچە بەلكىم رەنا تاتلىق ئۇيقىغا غەرق بولغاندۇ. ئەمما ئۇنىڭ سىماسى سېلىمنىڭ ئۇيقۇسىنى قاچۇرغان ئىدى . سېلىم قىزنى قايتا قايتا كۆز ئالدىغا كەلتۈردى . كىيىۋالغىنى ئاددى بىر چىت كۆينەك، ئاددى ھەممە قىزلارنىڭ كېيگىنىدىن ئاددى . قۇلىقىغا تاقىۋالغىنى ئاددى ئاق كۆزلۈك چىچەك ئالتۇن ھالقا . قىزنىڭ ئۇزۇن قول - پاچاقلىرى ۋە بويۇنلىرى ئاددى چىت كۆينىكىدىن كۆتۈرلۈپ تۇرغان كۆكسى....سېلىم ئورنىدىن تۇرۇپ توكنى ياقتى ۋە ھۆيلىغا چىقتى. - سېلىم ، ئوغلۇم نېمە بولدۇڭ ؟ نىمانداق ئۇخلاپ بولالمايسەن بالام . - ياندىكى ئۆيدىن سېلىمنىڭ ئاپىسىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى . - مەن ئازراق ھاۋا ئالاي دەپ ھويلىغا چىققان . سەن ئۇخلاۋەر ئاپا -دېدى ئۇ ئاپىسىغا.

سېلىم شۇ كۈندىن ئېتىبارەن رەناغا ئاشىق بولۇپ قالغان ئىدى . لېكىن بۇ ھاكاۋۇر قىزنى قانداق كەلتۈرۈش كېرەك؟ بۇنىڭ ئۈچۈن سېلىم ناھايىتى ئىنچىكىلىك بىلەن پىلان تۈزمەكتە ئىدى . يازلىق تەتىل تۈگەپ ئۈرۈمچىگە قايتىش ئالدىدا ئۇ بىر ئاماللارنى قىلىپ ، تۆيدۇرماستىن رەنا بىلەن بىر ماشىنىنىڭ بېلتىنى ئالدى . ماشىنا گۈزەل تەلكە تاغلىرىدىن قايرىلىپ، سايرام بويىغا كەلگەندە ئارام ئېلىشقا توختىدى . يازلىق تەتىلدىن قايتقان ئوقۇغۇچى قىز- يىگىتلەر سايرام بويىدا بىر ئاز ئارام ئېلىش ئۈچۈن ماشىنىدىن چۈشۈشتى . سېلىم بۇ چاغدا رەناغا ئالاھىدە يېقىنچىلىق كۆرسەتتى . - پاھ،نېمە دېگەن گۈزەل مەنزىرە بۇ ھە، كۆپكۆك ئاسمان ، كۆپ كۆك كۆل ، چاقناپ تۇرغان گۈل - گىياھلار ، ساپ ھاۋا . ئەسلىدە بۇ يەرلەر قوغدىلىشقا تېگىشلىك ، ساياھەت رايۇنلىرى قىلىشقا تېگىشلىك جايلار . خۇدا بۇيرىسا كېلەچەكتە شۇنداق قىلىمىز. رەنا كۆز يەتكۈسىز سايرام كۆلىگە چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن بېقىپ شۇنداق دېدى . شۇنداق..............شۇنداق سېلىم قىزغا جاۋاپ بېرىپ بىرنەرسىلەرنى دېمەكچى بولدىيۇ ئەمما ئاغزى گەپكە قولاشماي قالدى . ئەرلەر كۆپ ھاللاردا مودا قوغلاشقان ، گۆپپۇلدەپ ئەتتىر پۇرىقى كېلىپ تۇرىدىغان ، پوزۇر ئاياللارغا قىزىقىدۇ . لېكىن ئۇلارنىڭ كۆڭلىدە ئورۇن بېرىدىغىنى ، قەلب تۆرىدىن ئۆزگىچە ئورۇن بېرىدىغىنى يەنىلا رەناغا ئوخشاش ئاياللار بولىدۇ. ئەرلەر ماھىيەتتە يۇۋاش - يۇمشاق ، ئوشۇق - تۆشۈك گەپ قىلمايدىغان ، ئۆزىگە لەببەي دەپ تۇرىدىغان ئاياللارنى خالايدىغاندەك كۆرۈنسىمۇ ئەمما ئىككىسىنىڭ بىرىنى تاللاشقا توغرا كەلسە تاللايدىغىنى ئىسيانكار، چۇقان - سۈرەنچى ، ھەقىقەتچى ئاياللار بولىدۇ. بۇنداق ئاياللارنى ئەرلەر ھۆرمەت قىلىدۇ. ئەرلەرنى ۋە دۇنيانى ئۆزگەرتىدىغانلار مانا مۇشۇنداق چۇقان - سۈرەنچى ئاياللار بولىدۇ. ئۇ سېلىمنىڭ ياشلىق چاغلىرى ئىدى .ئۇنىڭ چاچلىرى ھازىر خۇددى تۇز بىلەن قارامۇشنى ئارلاشتۇرۇپ قويغاندەك ئاستا-ئاستا رەڭگىنى ئۆزگەرتمەكتە ئىدى . سېلىم ئادەم بولۇپ ياشىغان ھايات مۇساپىسىدە، قايسۇ قازانلاردا قاينىمىدى دەيسىز؟ قايسۇ گۈزەل نازىنىنلارنىڭ ئاپپاق كىرلىك تارتىلغان يوتقانلىرىغا شۇڭغىمىدى دەيسىز؟ ئەمما بۇلارنىڭ ھەممىسى بەدەنىنىڭ ئېھتىياجى، يۈرەكنىڭ تەلپۈنىشى ئەمەس ئىدى . ئايالىنىڭ تۇيۇقسىز قوشاق قېتىپ يىغلاشتىن توختاپ قېلىشى سېلىمنىڭ شېرىن خىيالىنى بۆلىۋەتتى.

ئايال تۈيۈقسىز قوشاق قېتىپ يىغلاشتىن توختىدى ۋە بىر مىنۇت ئەتراپىدا جىمىپ كەتتى. سىلىم بۇنىڭدىن ھەيرانلىق ھىس قىلدى ۋە مېنىڭ چۈشىنىغا ئايلىنىپ قالغىنىمنى بىلىپ قالغانمىدۇ ـ دەپ گۇمان قىلدى ئەمما ۋەزىيەت ئۇنداق ئەمەس ئىدى . ئايال ئالدىدىكى ئۈستەلنى قاتتىق بىر ئۇردى ـ دە ، ئورنىدىن دەس تۇرۇپ سۆزلەشكە باشلىدى : مېنىڭ سىلىممىنى سەنلەر ئۆلتۈرۈشتۈڭ ..........سەن ئۇيغۇرلار ئۆلتۈرۈشتۈڭ، كۈرەش كۆسەنىمۇ دېمىگەن گېپىڭ، چاپلىمىغان تۆھمىتىڭ قالماي ئۆلتۈرۈشكەن ئىدىڭ، مېنىڭ ئېرىمنىمۇ سەنلەر ئۆلتۈرۈشتۈڭ....ئايال تولۇپ تاشقان غەزەپ ـ نەپرەت بىلەن ۋاقىراپ سۆزلىمەكتە ئىدى . ئۇ يۈگرەپ كېلىپ سورۇن ئىچىدە ئولتۇرغان ياش بىر ئايالنىڭ ياقىسىغا ئېسىلدى ـ دە ، ئۇنى سۆرەپ ئوتتۇرغا چىقىرىپ تىللاشقا باشلىدى : ۋۇي دەيۇز ! ۋەتەنگە سالامەت بېرىپ كەلدىڭمۇ؟ خىتاي ئاكاڭ ۋىزا بەرمىسىمۇ مېنىڭ سىلىممىدىن كۆرگەن ئىدىڭ. ئەمدى ساڭا توسقۇنلۇق قىلىدىغان سىلىمىم يوق . قېنى خىتاي كونسۇلىدىن دەخلى ـ تەرۇزسىز ۋىزا ئېلىپ باققىنىڭنى كۆرۈپ باقاي . ـ بۇ سورۇنغا توپلانغان ئۇيغۇرلار ھاي ـ ھاي ئۇنداق قىلماڭلار، سىلىمنىڭ روھى قورۇنۇپ قالىدۇ ـ دەپ ، بۇ ئىككى ئايالنى ئاجرىتىپ قويدى . سەمەت قارىمنىڭ خەتمە قۇرئان قىلىشى بىلەن سورۇن تىنجىشقا مەجبۇر بولدى. ئاخىردا ئامىن ، ئامىن ـ دېگەن ئۇنلۇك ئاۋازلارنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن سىلىمنىڭ روھىغا ئاتاپ ئۇزۇن دۇئالار قىلىندى.

ئەسلى ئىش مۇنداق بولغان ئىدى . بايا سىلىمنىڭ ئايالى ياقىسىغا ئېسىلغان ھېلىقى ئايالنىڭ ئىسمى يۇلتۇز بولۇپ، سىلىملەر بىلەن بىر شەھەردە تۇراتتى . ئۆتكەن يىلى بۇ ئايال ۋەتەنگە بېرىش ئۈچۈن خىتاي ئەلچىخانىسىغا بىرقانچە قېتىم سۇنغان ۋىزا ئىلتىماسى رەت قىلىنىپ كەتتى . كېيىن ئايال ئۆزىنىڭ ئۇيغۇرلار بىلەن بىللە چۈشكەن رەسىمىنىڭ جەمىيەت تور بېتىدە تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، خىتاينىڭ ۋىزا بەرمىگەنلىكىدىكى سەۋەپنى بۇ ئىشتىن كۆردى. بۇندىن بۇرۇن بۇ خانىم 6 ـ 7 ئۇيغۇر باللارنى يىغىپ ئۆز ئۆيىدە ئۇيغۇر باللار يەسلىسى ئاچقان ئىدى. كېيىن نېمىشقىدۇر ئۇيغۇرلار باللىرىنى بۇ يەسلىگە ئەكىلىپ بەرمەيدىغان بولدى . بۇنىڭ سەۋەبىنىمۇ يەسلىدىكى باللار رەسىمىنىڭ ئۇيغۇر جەمىيىتى تور بېتىگە قويۇلغانلىقىدىن بولدى ـ دەپ ، قارىغان ۋە سىلىملەرنىڭ ئۆيىگە باستۇرۇپ كېلىپ ، جېدەل چىقارغان ئىدى.

ـ ئالو ، قانداق ئەھۋالىڭلار؟ مۇشۇ سىلىم ئۆلۈپ كەتكەنتى ، شۇڭا سىلەرگە خەۋەر قىلىپ قوياي دېگەنتىم .ھازىر نەزىرسىگە قاتنىشىۋاتىمىز . تۈركىيەدىكى قېرىنداشلىرىمىزنىمۇ خەۋەرلەندۈرۈپ قويغان بولساڭلار!

ـ قايسۇ سىلىم ؟ ـ قارشى تەرەپتىن سوئال سورالدى.

ئاۋۇ ھېلىقى سىلىم جوداچۇ ، سىلىم قانمۇ ـ دەپ قويىدۇ ئۇنى.

ـ ھەئە، بىز . ئۇنى سۆزلەپ قېلىپ ئۆيىدىن چىقىپ كېتىپتۇ ـ دەپ ئاڭلىغانتۇق.

ھەئە شۇنداق . ساقچىلار ئۇنى ئۆلدى ـ دەپ قارار چىقىرىپتۇ. بىچارە كاللىسىدىن كېتىپ قاپتىكەن ئەمەسما . يېرىم كېچىدە ئۆيىدىن چىقىپ كېتىپ ، ئۆتتۈشمە كۆۋرۈكتىن يوقۇرى سۈرئەتلىك تاش يولغا چۈشۈپ كېتىپتۇ. ساقچىلار جەسىدىنىمۇ ئائىلىسىگە تاپشۇرۇپ بېرەلمەپتۇ.

يوغان قوساق ۋە دىقماق كەلگەن بۇ ئادەم يىراقتىن قارىسا خۇددى قوسقىغا بىر خالتا گۈرۈچنى تېڭىۋالغاندەك كۆرۈنەتتى. ئۇ تېلىفۇننى قويۇپ كۆپچىلىككە قاراپ، تۈركىيەدىكى مۇئاۋىن باشقانىنىڭ سالامى بار ھەممىڭلارغا ـ دېدى ـ دە ئاندىن يەنە قول تېلىفۇنىنىڭ نومۇرلىرىنى بېسىشقا باشلىدى . بۇ كىشى سىلىم تۇرۇشلۇق دۆلەتتىكى ئۇۋچى ئەخمەت ئىدى.

سىلىم چۈشىن ھېچقانداق توسالغۇسىز ھالەتتە گاھ ئۇچۇپ ، گاھ كىشىلەرنىڭ چاپانلىرىنىڭ پەشلىرىگە قونۇپ ئادەملەرنى بەھوزۇر كۆزەتمەكتە ئىدى . تۇيۇقسىز توختا ـ توختا ، بۇ يەرگە بىر قارا چۈشىن كىرىۋاپتۇ ـ دېگەن ئاۋاز بىلەن تەڭ بىر قانچە كىشى، لۆڭگە ۋە ياغلىقلار بىلەن سىلىم چۈشىنىڭ باش ـ كۆزلىرىگە ساۋاشقا باشلىدى . ھەي گۇيلار ، ئادەملىكىمدىنمۇ ياشغىلى قويۇشمىغانتىڭ . ئەمدى چۈشىنگە ئايلىنىپ كەتسەممۇ سەن خەقتىن قۇتۇلالمامدىمەن ئەمدى ـ دەپ ، بولىشىغا ۋاقىردى سىلىم چۈشىن . بىراق ئادەملەر ئۇنىڭ بۇ ۋاقىراشلىرىنى ئەسلا ئاڭلىيالمايتتى . سىلىم چۈشىنىنىڭ بېشى قايغاندەك بولدى ـ دە، يەرگە يىقىلدى.

# 2ـ قىسىم

سىلىم چۈش ئەسلىدە يەرگە ئەمەس بەلكى بىر گۈل تەشتىكىنىڭ ئىچىگە چۈشكەن ئىدى. قاتتىق ئاغرىق ئازاۋىدىن ئۇنىڭ بېشى قېيىپ ، كۆزى قاراڭغۇلاشتى. لىكىن ـ ھېلىمۇ گۈل تەشتىكىنىڭ ئىچىگە چۈشتۇم ، بولمىسا ئادەملەر مېنى دەسسىۋېتەر ئىكەن ـ دەيتتى ئۇ ئاستا پىچىرلاپ . سۇ قويۇلغىنىغا ئۇزاق بولمىغان نەمخۇش گۈل تەشتىكى، سۇلۇپ چۈشكەن گۈل بەرگىلىرى، ئۇنىڭ ئۇچۇن پانالىنىدىغان ياخشى جاي بولغان ئىدى. تەشتەك ئىچىدە گۈل بەرگىلىلىرىنى پاناھ جاي قىلىپ ياتقان سىلىم چۈشنىنىڭ يادىغا ئاپپاق كىرلىكلەر بىلەن خۇشپۇراق ئەتىرلەر چىچىپ ئورۇن سىلىپ بېرىدىغان ئانىسى، ئاندىن رەنا كەلدى. ئۇ تەشتەك ئىچىدىكى گۈل بەرگىلىرىدىن قاچاندۇر بىر چاغلار پۇرىغان تونۇش ۋە سۆيۈملۈك بىر ئەتىرنىڭ پۇرىقىنى سەزگەندەك بولدى.

ـ ئالو گۈلۈم، بىر كورا سۆيۈق ـ سەلەڭ قىلىپ كەلگەن بولساڭلار ، ھازىدارلارنىڭ ئىچى قۇرۇپ كەتتى. سىلىم چۈشكەن يوغان گۈل تەشتىكىنىڭ گىرۋىكىدە ئولتۇرغان ئەخمەت ئۇۋچىنىڭ يوقۇرى ئاۋاز بىلەن قىلغان سۆزلىرى ئۇنى شىرىن خىياللاردىن ئويغاتتى. ئەخمەت ئۇۋچى خانىمى بىلەن تېلېفوندا سۆزلىشىۋاتاتتى. ئۇ بۇ دۆلەتتىكى، شۇنداقلا دۇنيادىكى خانىمنى گۈلۈم ـ دەپ چاقىرىدىغان بىردىن بىر ئۇيغۇر ئىدى. خانىمغا ھازىدارلار ئۇچۇن بىر كورا سۆيۈق ـ سەلەڭ بۇيرۇپ بولغاندىن كېيىن، يەنە ۋەتەن ، ياۋرۇپا، ئوتتۇرا ئاسيا ، ئامېركا ، كانادا قاتارلىق دۆلەتلەر بىلەن سۆزلىشىپ ، دۇنيانىڭ ھەممە يېرىگە سىلىمنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى، بۇ ئۆلۈمنىڭ چەتئەللەردىكى قانداق ئېچىنىشلىق ئۆلۈم بولغانلىقىنى، ئۆلۈمگە كىملەرنىڭ كىلىپ نىملەرنى دېگەنلىكىنى بىردەمنىڭ ئىچىدىلا يەتكۈزۈپ بولدى. ئۇ سۆزلىگەندە يوقۇرى ئاۋاز بىلەن زالنى بېشىغا كېيەتتى. بەزىدە ئۇ كىملەردىندۇر بىرلىرىدىن نارازى بولۇپ ، ئىچىدە بىرنېمىلەرنى دەپ غۇدۇرلاپ قوياتتى. ئۇ ئۇچۇر يەتكۈزۈشتە ئېنتەرنەتتىن قالسا 2ـئورۇندا تۇراتتى . شۇڭا كىشىلەر ئۇنى « سىمسىز رادىو » دەپمۇ قويىشاتتى.

ئەخمەت ئۇۋچىنىڭ قولىدىن بۈگۈن تېلېفون چۈشمىدى.تۈركىيەگە 5 ياكى 6 قېتىم تېلېفون قىلغان بولسا كېرەك، ئۇ ھەر قېتىم تېلېفوننى قويغاندا ئەتراپتىكىلەرگە قاراپ ـ مۇاۋىن باشقاننىڭ سىلەرگە سالامى بار- دېيىشنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالمايتتى. بۈگۈنمۇ ھەر دائىمدىكىدەكلا چاپىنى بېنورمال ئۇزۇن، كاستيۇم بۇرۇلكا كىيىپ ، ئاق كۆينىكىنىڭ ئۈستىگە گالستۇكنى چىڭ تاقىۋالغان ئىدى . يىراقتىن قارىماققا ئۇ سېمىز ۋە دىقماق تۇرقى بىلەن بەئەينى ياپۇنلۇق ئايالالار نازۇك بارماقلىرى بىلەن بىرمۇ بىر تىكىپ چىققان ، بوينى يوق قوچاققا ئوخشايتتى.

ئۇنىڭ يۇرتى ئاقسۇ كەلپىندىن . كەلپىنلىكلەرنىڭ ـ ئېزىتقۇـ دېگەن لەقىمى بار. بۇ مۇنداق بىر ئەپسانىۋى رىۋايەتتىن پەيدا بولغان : ئاتۇش بىلەن كەلپىننى پەقەت بىرلا تاغ ئايرىپ تۇرىدىكەن. بىر كۈنى ئىككى نەپەر ئاتۇش ئادىمى ئۆيلىنىش ئۇچۇن ئاقسۇغا قاراپ يولغا چىقىپتۇ. ئۇلار دەل ئەشۇ تاغنىڭ ئىچىگە كەلگەندە ، گۈزەللەر گۈزىلى ئىككى نەپەر قىزغا ئۇچراپ قاپتۇ. ئىككى نەپەر ئاتۇش ئادىمى بۇ قىزلارغا ئاشىق بوپتۇ ۋە ياز كۈنلىرىنىڭ بىر ئاخشىمى، پىلدىرلاپ تۇرغان يۇلتۇزلارغا بېقىشقان ھالدا بۇ ئىككى گۈزەل قىزنى نىكاھىغا ئاپتۇ. ئەسلىدە بۇ ئىككى گۈزەل قىز ئادەم ئەمەس جىنلار ئىكەن . كەلپىنلىكلەر مانا ئەشۇ ئاتۇش ئادىمى بىلەن جىندىن تۆرەلگەن ئىكەن. كەلپىنلىكلەرگە قويۇلغان ـ ئېزىتقۇ دېگەن ناممۇ ئەنە ئاشۇ رىۋايەتتىن قالغان ئىكەن . دېمەككى كەلپىنلىكلەرنىڭ دادىسى ئاتۇش ئادىمى ، ئانىسى جىن ئىكەن. شۇندىن ئېتىبارەن كەلپىن دېگەن بىر ناھىيە پەيدا بولۇپ، ھاياتلىق داۋام ئېتىشكە باشلاپتىمىش. ئۇلار بۇ ناھىيەنىڭ نامىنىمۇ ئاتۇشتىن كېلىپ پىنھاندا توي قىلغانلار دېگەن مەنىدە ـ كەلپىن ، دەپ ئاتاپتىمىش.

ئەخمەت ئۇۋچىنى تەھلىل قىلىشقا توغرا كەلسە، ئۇ دەل ئەشۇ ئىككى نەپەر گۈزەل جىن قىزنىڭ بىرىنىڭ بالىسىدەكلا بىلىنەتتى. ئۇنىڭ ئۈستى تەرىپى يەنى ئېغىز تەرەپ ئانا جەمەتىنى، ئاياق تەرەپ دادا جەمەتى ـ ئاتۇش ئادىمىنى تارتقان ئىدى. جامائەتچىلىك ئىشلىرى، دەۋا ئىشلىرى ۋە باشقا توي ـ تۆكۈن ، ئۆلۈم ـ يىتىم ، نەزىر ـ چىراق ئىشلىرى ، شۇنىڭدەك قىتئەمۇ ـ قىتئە يۈگرەپ يۈرۈپ يىغىنلارغا قاتنىشىش ، پۇل توپلاش ۋە شۇنىڭغا ئوخشىغان چەتئەللەردە زۆرۈر بولغان بارلىق قىلىشقا

تېگىشلىك ئىشلارغا ئۇنىڭ ئايىقى ھەر زامان يۈگۈرۈك ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئاغزىمۇ بىسقماي سۆزلەپ تۇراتتى. ئادەملەر ئوتتۇرىسدا قىلىنغان گەپ سۆزلەرنى توشۇپ قويۇش، كاللىنى كاللىغا سوقۇشقا سالدۇرۇپتىش ، غۇم ـ ئاداۋەت ۋە پىتنە ـ پاسات پەيدا قىلىش قاتارلىق ئىشلاردا ئەخمەت ئۈۋچىنىڭ ئانا تەرەپ گىنى يەنى جىنلىق گىنى ئاكتىپلىشىپ كېتەتتى ـ دە ، بىردەمنىڭ ئىچىدە ئىشلار مۇرەككەپلىشىپ ، چىگىش ، توقناق پايپاق يىپىدەك بولۇپ كېتەتتى. ئۇ سىز بىلەن كۆرۈشۈپ بولغاندىن كېيىن، ئارىدىن بەش مىنۇت ئۆتۈپ يەنە بىرسى بىلەن كۆرۈشتىمۇ ئەيھەنناس، ئۇ كىشىگە سىز بىلەن بولۇنغان گەپ ـ سۆز ۋە مەخسەت ـنىيەتلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆز كۆز ـ قاراش ۋە تەپەككۇرلىرى بىلەن ئارلاشتۇرۇپ ، پەش ، چېكىتلىرى بىلەن قوشۇپ دوكلات قىلاتتى. جۈمىلىلەر قوشۇلسا قوشۇلاتتىكى ئەمما بىرەر ئېغىز گەپ ـ سۆز چۈشۈپ قالمايتتى. بۇ ئەخمەت ئۈۋچىنىڭ ئۆزىنىڭ مەيلى ئەمەس، بەلكى جىنلىق گىنىنىڭ كۈشكۈرتىشى ئىدى. ئۇ يۈگرەكلىكى بىلەن ئادەملەر ئۈچۈن قىلغان خىزمەتلىرىنىڭ ھەممىسنى خۇددى كوچا يۈيۈش ماشىنىسىدەك، ئۆز ئاغزى بىلەن يۈيۈپ نۆلگە تەڭ قىلىپ ماڭاتتى. ھەي بۇ ئۆزگەرمەيدىغان خۇي ـ پەيلىدە. ئۇنىڭغىمۇ ئامال يوق . چۈنكى ئۇنىڭ ئانا جەمەتى جىن تۇرسا. نېمىلا دېگەن بىلەن ئەخمەت ئۈۋچى بەدىنىدە جىن بىلەن ئاتۇش ئادىمىنىڭ گېنىنى كۆتۈرۈپ يۈرۈپ ، چەتئەللەردە خېيىم ـ خەتەرسىز ياشاۋاتقىنىغا توپ توغرا ئون يىل بولدى . ئۇ ئۆزى تۇرۇشلۇق دۆلەتلەرنى مالىماتاڭ قىلغاندىن باشقا، تۈركىيە ۋە ياۋرۇپا دۆلەتلىرىدىكى ئادەملەرنىڭمۇ تىنتان تومۇرىغا تېگىدىغان ئىشلارنى جىق قىلغانلىقى ئۈچۈن نەچچە قېتىم شەھەر سىرتىدىكى ساقچىدىن خالى جايلارغا ئېلىپ بېرىلىپ قاتتىق تاياق يەپ قوۋۇرغىلىرى سۇنۇپ كەتتى. ھەي ئەسكى بولسىمۇ يەنىلا ئۇيغۇرنىڭ ئۆزىنىڭ ئەسكىسىدە. تاشلىۋەتكىلى بولمايدۇ ئەلۋەتتە. يەنە ئۇيغۇرلار ئۆزلىرى ئۆنى بېقىپ ، يوخلاپ دېگەندەك ئەسلىگە كەلتۈرىۋالدى.

ئەخمەت ئۈۋچى ئۆز ئاغزى بىلەن ھېكايە قىلىپ بېرىشىچە، ئۇ ۋەتەندىكى ۋاقتىدا « شەرقى تۈركستان ياشلار تەشكىلاتى » نى قۇرغانمىش. ئەينى يىللاردا ئۇ ئەمدىلا ئونبەش ياش بولۇپ، تەشكىلات ئەزالىرىنىڭ سانى تېزلىكتە ۋەتەنىنىڭ ھەممە جايلىرىغا تارقىلىپ ، ئەزا سانى ( ئەخمەت ئۈۋچىنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا پىدائىلار سانى) ئون مىڭغا يېتىپتىمىش . بۇ سەۋەپلىك ئەخمەت ئۈۋچى ئون يىل تۈرمىدە ياتقانمىش. ئۇ يەنە ساقچىلارنىڭ ئۆزىنى قانداق قىينىغانلىقىنى، ئەمما ئۆزىنىڭ ئىنتايىن قاتتىق قىيىن قىستاقلار ئالدىدا تەشكىلاتقا ئائىت سىرلارنى ئاشكارىلىمىغانلىقىدەك ، بىر تەسىرلىك ۋەقەلىكنى ناھايىتى يومۇرلۇق قىلىپ سۆزلەيدۇ. ئەمما بۇ سۆزلەر ئادەملەرگە بىر خىيالى فانتازىيەلىك فىلىمنى سۆزلەۋاتقاندەكلا بىلىنىدۇ . چۈنكى ھەممە ئادەم ئەخمەت ئۈۋچىنىڭ بىرلا ۋاقىرسا بۆگۈنكىنى دەيمۇ ، تۈنۈگۈنكىنىمۇ ـ دەيدىغان بىرى ئىكەنلىكىنى ياخشى بىلىدۇ. ئۇ دائىم ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدىغان ۋەتەندىكى بۇ تەشكىلاتلارنىڭ ھەممىسنى خىتاي بىخەتەرلىك ئىدارىلىرى ئۆزلىرى قۇرغان. ئۇلار ھەر ئون ياكى يىگىرمە يىلدا بىر قېتىم ئەنە شۇنداق تەشكىلاتلارنى قۇرۇپ، ئەخمەت ئۈۋچىدەك كىشلەرنى يەمچۈك قىلىپ تاشلايدۇ ـ دە ، ئاندىن شۇ بىر دەۋر كىشلىرىنىڭ مېڭىسىنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە يۇيۇلغان ، يۇيۇلمىغانلىقىنى، مۇستەققىللىق ۋە نارازىلىق خاھىشلىرىنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە ئىكەنلىكىگە ئائىت ئۇچۇرلارغا ئېرىشمەكچى بولىدۇ. بىر مەھەل ۋاقت ئۆتكەندىن كېيىن بۇنداق تەشكىلاتلارنىڭ ئەتراپىغا تازا ئادەم توپلۇشۇپ كۆچىيىشكە باشلىغاندا، تورنى بىر يىغىدۇ ـ دە ، نۇرغۇنلىغان ياشلارنى تۈرمىگە تاشلايدۇ ياكى ئۆلۈم جازاسى بېرىدۇ. بۇ خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ يۈرىكىنى مۇجۇش ئويۇنىنىڭ بىر تەركىۋى قىسمى. رابىيە قادىر خانىم تۈرمىدىن چىقىشتىن بۇرۇن ئەخمەت ئۈۋچى ـ مەن چەتئەللەردىكى ۋەتەن مىللەت ئۈچۈن ئەڭ ئېغىر بەدەل تۆلىگەن ئۇيغۇرمەن ـ دەپ ماختىناتتى . ئەمما رابىيە قادىر خانىم تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلىپ ئامېرىكىغا كەلگەندىن كېيىن ئۇ يەنە ـ مەن ئىككىنچى ئورۇنغا چۈشۈپ قالدىم ـ دەپ ئېتىراپمۇ قىلاتتى.

سېلىم چىۋىنىنىڭ نەزىرىسى داۋاملاشماقتا ئىدى. ئۇ قاتتىق زەربىدىن سەنتۈرۈلۈپ چۈشكەن يوغان گۈلتەشتىكىنىڭ گىرۋىكىدە ئولتۇرۇپ ، نەزىرگە كەلگەنلەرگە توختىماي سۆزلەۋاتقان ئەخمەت ئۈۋچىنىڭ گېپى ئۇنىڭغا يۆتكەلدى. ـ : تېخى ئۈچ ھەپتە بۇرۇن سېلىم ماڭا تېلېفون قىپتىكەن ـ ئەخمەت ئاغىنە سىلەرگە ھاجىتىم چۈشۈپ قالدى ، ياردەم قىلغان بولساڭلار دەپ . نېمە ئىشتى ـ دەپ بارسام ، شۇ كۆڭۈل ئىشىكەن . ئاغىنە ، يەتتە ياشلىق ۋە توققۇز ياشلىق ئىككى ئوغۇل بالا باتتى . شۇلارغا ئىككى كۈن قاراپ تۇرغان بولساڭلار، كۈنلىكىڭلىكگە ئىككى يۈز دوللاردىن تۆت يۈز دوللار بېرەي ـ دېدى..... سېلىم چىۋىن ئەخمەت ئۈۋچىنىڭ ئاغزىدىن چىقىۋاتقان بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ ئادەملەردىن ئەڭ نۇمۇس قىلىدىغان ئۆزىگە ئائىت بۇ مەخپىيەتلىكىنىڭ ئىنتايىن ئوڭايلا سېتىلىپ كېتىش گىرداۋىغا بېرىپ قېلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى ـ دە ، بىر ئىرغىپ ئۈچقانچە تەشتەك ئىچىدىن ئېتىلىپ چىقىپ ئەخمەت ئۈۋچىغا ھۇجۇم قىلدى. سېلىم ۋىڭ ، ۋىڭ ۋىڭلداپ ، غەزەپ

بىلەن ئەخمەت ئۈۋچىنىڭ بىردە ئاغزىغا ، بىردە يۈزىگە ئۇرۇلۇۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما ئەخمەت ئۈۋچى قوللىرى بىلەن سېلىم چۆننى قورۇپ قويۇپ ، يەنە سۆزىنى داۋاملاشتۇردى ـ كۆزلىرى خۇددى قارا زەيتۇندەك قاپقارا ، چىرايلىق كەلگەن بىر چوكانكەن. سېلىم بۇ چوكاننى ئۇيغۇرلاردىن قىزغىنىپ شەھەرنىڭ سىرتىدىكى ئۇيغۇر يوق بىر يەرگە ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ. : كىم چوكانكەن ئۇ ؟ قەيەردىن كەپتۇ؟ ـ سورىدى توپنىڭ ئىچىدىكى بىرەيلەن. ـ ۋەتەندىن كەلگىنىگە يېرىم يىل بولۇپ قاپتۇ . ھەيييييي سە......لىممممم ـ دەپ كۆزلىرىنى خۇمالاشتۇرۇپ تووۋلىسا ، كاساپەت كۆزلىرى خۇمالىشىپ جاننى ئېلىپ جاڭگالدا قويىدىكەن. ئەخمەت ئۈۋچىنىڭ سۆزى ئاخىرلاشمايتۇرۇپ توپ ئىچىدىن كۈلكە كۆتۈرۈلدى . چۈنكى ئەخمەت ئۈۋچى ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇ چوكاننى شۇنداق كېلىشتۇرۇپ بىر دورىۋەتكەن ئىدىكى ئۇنىڭ ياغ قاپلاپ كەتكەن قوساقلىرى تىترەپ، بويۇنلىرى ئامەرىكا ھامبۇرگەرلىرىدەك قات ـ قات چىقىپ كەتتى. ـ نېمە كۈلكە بۇ! كۈلۈشنىڭ ئورنىغا ئىبرەت ئېلىش كېرەك ....ئىبرەت...بۈگۈن بىز بىر قېرىندىشىمىزنىڭ جەسىدىگىمۇ ئىگە بولالمىدۇق. جامائەتكە تەبلىغ قىلىۋاتقان قارىم بىر بۇلۇڭدىن كۆتۈرۈلگەن بۇ ھاجەتسىز كۈلكىنى ئاڭلاپ ، دىققىتىنى شۇ تەرەپكە بۇرىدى ـ دە، بىرمۇنچە كايىدى. ئەخمەت ئۈۋچىنىڭ ئەتراپىدىكى ئادەملەر گەرچە قوللىرىنى قوشتۇرۇپ ، يەرگە قاراپ تۇرىشىۋاتقان بولسىمۇ ئەمما ئۇنىڭ يۇمۇرلۇق ھەرىكەتلەر بىلەن دوراشلىرىدىن ئىچىدە خىقراپ كۈلۈشمەكتە ئىدى. بىرھازادىن كېيىن ھېلىقى ئادەملەر توپى يەنە ئەخمەت ئۈۋچىنىڭ ئەتراپىغا توپلاندى. ـ رەھمەتلىك ئۇ چوكاندىن بەك رازى بولاپ كەتىپتىكەن ـ دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى ئۇ ـ بوپتۇ قاراپ بەرسەم قاراپ بېرەي ئىككى كۈنلۈككە تۆت يۈز دوللار ئوڭاي پۇل ئەمەس ـ دېدىم ـدە ، گۆلۈمگە باشقا بىر شەھەرگە ئىش كۆرگىلى بارىمەن ـ دەپ، يالغان ئېيتىپ ، سېلىماخۇننىڭ خىزمىتىدە بولدۇم . قايتىپ كەلگەندىن كېيىن قانداقراق ئاغىنە ئەھۋالىڭ ـ دىسەم ، بىزمۇ مۇشۇ خوتۇنلارنى خوتۇن دەپ ياشاپ يۈرۈپتۇق دىگىنە ئۈۋچى سالتاك . ۋاي ۋاي خوتۇن دىگەن ئەسلى مۇنداق بولىدىكەن ئەمەسما. ئىككى كۈندە ئون ياش ياشىرىپ كەتتىم ـ دىگەنتى رەھمەتلىك . ھەي بىردەمنىڭ ئىچىدە رەھمەتلىك بولاپ كەتتى دەپ ئېغىر ئۇھ تارتتى ئەخمەت ئۈۋچى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئانا تەرەپ جىنلىق گېنى يەنە ئاكتىپلاشقان بولۇپ، بىردەمنىڭ ئىچىدىلا سېلىمنىڭ ئادەم ۋاقتىدىكى شەخسىيىتىگە ئائىت ھەممە ئۇچۇرلارنى تۆكىۋەتتى ـ دە،

بىردىنلا ئۇ نىڭ قوشۇملىرى تۈرۈلۈپ، چىرايلىرى سەل قارىداشقا باشلىدى . ئۇ بۇ قېتىم سېلىمنى يەنە باشقا بىر تېمىدا سېستىدىغاندەك قىلاتتى. ئۇ ئىچىدە نېمىلەرنىدۇر دەپ غۇدۇراپ قويدى. بۇنى سەزگەن توپنىڭ ئىچىدىكى بىرەيلەن ـ ئەخمەت ، چىڭ چىڭ گەپ قىلىڭلا ئاغىنە ، بىزمۇ ئاڭلايلى . سېلىم قان بىلەن قاتتىق يېقىن بولاپ كېتىپتىكەنسلەردە ـ دىۋىدى ، ئەخمەت ئۈۋچىنىڭ ئاغزى يەنە ئېچىلدى ـ ھەي باللا، مەن سېلىمگە قىلغان ئۇنداق ياخشىلىقنى خېلى-خېلى ئوغۇل بالا قىلمايدۇ جۇما . ئەمما مەن سېلىمنىڭ ئاغزىدىن چىققان بىر گەپنى ئاڭلاپلا لاتا نىمىكەنسەن دەپ ، تاكى ئۆلەپ كەتكىچە يۈزىگىمۇ قارىمىغانتىم ـ دېدى ئۇ ئاغرىنغانلىقنى ئوچۇق چاندۇرۇپ. ـ قانداق لاتىلىق قىلدى ، دەپلا تۇگەتمەمسەن ـ دېدى توپ ئىچىدىكى يەنە بىرەيلەن ئۇنىڭ ئاغزىنى تاتىلاپ. ـ ئۆزەڭلا بىلىسلەر ، بۇ يېقىندا جەمئىيەتنىڭ سايلىمى بولىدىغۇ، شۇڭا مەن جەمئىيەتكە رەئىس بولۇش ئارزۇيىمنى ئېيتىپ ، ئۆزەمنى نامزاتلىققا كۆرسەتسەم ، خەق مېنى سايلامۇ ـ دەپ، سېلىمگە مەسلەھەت سالغىلى بارغانتىم . ئۇ گۇي سەل ئىچىۋالغانمۇ، ئىشقىلىپ بوينۇمغا ئېسىلىپ ، قۇلىقىمنىڭ يېنىغا كېلىپ : ھەي ئۈۋچى سالتاك ! سەن يوغانراق بىر ئەر كىشىنىڭ پالان نېمىسىدەكلا تۇرساڭ ، خەق سېنى رەئىس قىلامدا ـ ۋەت......دەيدۇ ـ دېدى ئۇ، ھېچ ئۇيالماستىن. بۇ قېتىم ئۇنىڭ گېپى تۈگىمەستىنلا توپ ئىچىدىن تېخىمۇ قاتتىق قىقاس كۈلكە ئاۋازى كۆتۈرۈلدى. نەزىردە ئارقا ئارقىدىن كۆتۈرۈلىۋاتقان كۈلكە ئاۋازى زال ئىچىدىكى ئادەملەرنى غەزەپلەندۈرگەن ئىدى. بولۇپمۇ يۇرتىنىڭ ئىمامى تېخىمۇ قايناشقا باشىدى ـ مانا مانا، مۇشۇنداقلىقىمىزدىن ئاللا بىزگە بۇ كۈنلەرنى كۆرسىتىۋاتىدۇ. ئاللا خالىسا بىزنى جەسىدىمىز بىلەن يەرلىككە قويۇشقا نېسىپ قىلىدۇ . خالىسا جەسەتلىرىمىزنىمۇ مانا مۇشۇنداق پارام پارچە، تونۇغۇسىز قىلىۋېتىدۇ. مەيلى ئوقىغان ئالىم زىيالى بول . نېمە بولساڭ بولۇش، بارىدىغان جايىڭ ئاللانىڭ دەرگاھى . ناماز ئوقۇش . ئۆلۈمدە كۈلگەننىڭ ئورنىغا ئىبرەت ئېلىش......

ئەسلىدە سېلىم ۋەتەندىن يېڭى كەلگەن بۇ ئايالنى مۇشۇ دۆلەتتىكى پارلامېنتتا ئۆتكۈزۈلگەن گۇۋالىق بېرىش يىغىنىغا ئېلىپ بارغان بولۇپ، بۇ پۇرسەتنى ئىنتايىن تەسلىكتە قولغا كەلتۈرگەن ۋە ئۇ خانىمۇ ۋەتەندە ئىز- دېرەكسىز غايىپ بولىۋاتقان ياش يىگىتلەر ۋە تۈرمىلەردە ئۇرۇپ ئۆلتۈرىلىۋاتقانلار، شۇنىڭدەك ساراڭ بولۇپ قېلىۋاتقانلار ھەققىدە گۇۋالىق بەرگەن ئىدى. سېلىم ئەسلىدە، ياخشى نىيەتلىك ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن قۇرۇلغان « ئەخمەت ئۈۋچىنى ئوڭشاش گورۇپپى » سىنىڭ بىر ئەزاسى ئىدى . بۇ دۆلەتتە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار بىر كۈنى مەسلىھەتلىشىپ ئەخمەت ئۈۋچىنى ئوڭشاش قارارىغا كەلدى ـ ئاغىنىلەر،

ئەخمەت ئۈۋچىنىڭ ئاغزىدا چاتاق بولغان بىلەن ئايىغى يەڭگىل ، قولى ئۇچۇق يىتىم . ئۇنى ئارىمىزغا ئېلىپ ئانى قىل ، مانى قىلما دەپ، ئوڭشۇۋالايلۇق ـ دىدى، ئۇزۇن تۇرا ، ئاۋاق كەلگەن ياسىناخۇن كۆپچىلىككە . ياسىناخۇننىڭ ئەشۇ بىر ئېغىز گېپى بىلەن بەش ـ ئالتە ئەركىشىدىن تەركىپ تاپقان « ئەخمەت ئۈۋچىنى ئوڭشاش گورۇپپى » سى قۇرۇلدى. ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسى ئۇنىڭغا تەرەپ ـ تەرەپتىن گەپ قىلىپ، گەپ توشۇمايدىغان، گەپكە گەپنى قاتمايدىغان، كاللىنى كاللىغا سوقۇشقا سالدۇرمايدىغان ، پىتنە تارقاتمايدىغان يىگىت بىر ئەخمەت ئۈۋچىنى تەربىيەلەپ چىقىش ئىدى . ئەمما بۇ گورۇپپىمۇ ئۇنىڭ خارەكتېرىنى ئۆزگەرتەلمىدى . بەزى سورۇنلاردا ئەخمەت ئۈۋچى ھەققىدە چاخچاقلار بولۇپ، ئۇنى دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ، ئاغزىغا قۇلۇپ ، ياكى سىرتىما بىكىتىپ ئاچقۇچىنى گۈلگە بىرىپ قويايلى. ئەگەر مۇھىم گەپ قىلىش زۆرۈر بولغاندا گۈلى قۇلۇپنى ئېچىپ بەرسۇن ـ دېگۈچىلەرمۇ بولدى . چۈنكى ئۇنى ئوڭشاش مۇمكىن ئەمەس ئىدى . ئۇ ئاخىرقى تىننىقلىرى قېلىپ ، ساكراتقا چۈشكەن مەزگىللىرىدىمۇ، ياسىن ئوقۇۋاتقان قارىمغا بىر مۇنچە ئاۋۇ ماۋۇنى دېگەن، ئۇ بۇنى دېگەن ـ دېگەنگە ئوخشاش ئەرەپنىڭ چېچىدەك چىگىش بىرنېمىلەرنى دېيىش بىلەن ئاۋارە بولۇپ، جان بېرىشى مۇمكىن. ئۇنىڭغا ئۈۋچى تەخەللۇسىنىڭ قانداق قويۇلۇپ قالغانلىقى نامەلۇم . ئەمما كىشىلەر ئۇنى ئۈۋچى تەخەللۇسىنى قوللانماي ـ ئەخمەت دەپلا چاقىرسا، ئۇنىڭ ئاچچىقى كېلىپ قالاتتى ـ دە ـ ئاۋۇ ھارامدىن بولغان جالاپ خوتۇننىڭ بالىسى مىنى ئەخمەت دەپلا چاقىرىپ يۈرىدۇ يا، خۇددى مەن ئۇنىڭ بىژنىمىسىنى بىژنىمە قىغاندەك ـ دەپ، ئاغزىنى بۇزۇپ، غۇدۇڭشۇپ كېتەتتى . ئۇنىڭ ئاچچىقى كەلگەندە يۈزلىرى خۇددى پاكىز قانسىراتقان ئۆپكىدەك ئاقىرىپ كېتەتتى ـ دە، يۈزلىرىنىڭ ئۇ يەر ، بۇ يەرلىرىدىكى قارا مەڭلەر خۇددى قارا مەرۋايىتتەك جۇلالىنىپ كېتەتتى.

ئەخمەت ئۈۋچىنىڭ ئۆزى ھەققىدە قىلغان سۆزلىرىنى ئاڭلاپ سېلىم چۈۋىننىڭ ئەرلىك غورۇرى ئىنتايىن دەپسەندە بولدى . نېمىلا دېگەن بىلەن ئۇ ئادېمىلىكتىن كەلگەندە. ئۇ ئاخىردا يەنە گۇنانى ئۆزىگە قويدى ـ ئىككى ئادەم بىلگەن نەرسە سىر بولمايدۇ ئەلۋەتتە ـ دېدى ـ دە ، شۇكلىگىنچە ۋەتەن مىللەتنىڭ تەقدىرى ھەققىدە ئويلىنىشقاباشىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ياشلار ئۆزى سەزمىگەن ھالەتتە ئاقماقتا ئىدى . چۈنكى ئۇ ۋەتەن مىللەت ھەققىدە ئويلۇنۇپ، ئۇ تەرىپى ئۇزاق ئۆتمۈش ، بۇ تەرىپى كېلەچەككە قەدەر چوڭقۇر تەھلىل قىلىش ئارقىلىق، ئۇيغۇرلارنىڭ مۇستەققىللىق ۋە ھۆرلۈك ئىشلىرىنىڭ نەقەدەر مۇشكۇل ئىكەنلىكىنى ئادەم ۋاقتىدىكىدىنمۇ بەتتەر ھېس قىلىپ يەتكەن ئىدى . ئۇنىڭ ئۇچۇن ئەڭ قورقۇنچلۇق بولىۋاتقىنى ئۇيغۇر روھىيىتىدە بارغانچە زەئىپلىشىپ كېتىۋاتقان زىيالىلىق، ئادېمىيلىك ۋە ئەركەكلىك غورۇر ئىدى . بۇنى ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا مىللەتنىكى بېخوتلۇق كېسىلى دېيىشكە توغرا كېلەتتى.

مەيلى ئەر، مەيلى ئايال بولسۇن ۋە ياكى كۆزلەرنىڭ ، رەڭگى چوڭلىقى قانداق بولىشىدىن قەتئى نەزەر ئۇنىڭدىن چىقىدىغان ياش ئوخشاش . ياشنىڭ كېلىش مەنبەسى ئوخشاش. يەنى يۈرەك ـ ئىچكى تۇيغۇ. يىغلاشتىن ھېچ قورقمىغىنكى، ئىچىڭدىكى سېنى ئازاپلاۋاتقان ئاچچىق زەرداپلار ياش بىلەن بىللە چىقىپ كەتسۇن . دۇنيادىكى بارلىق ئېزىلگەن مىللەتلەر كۆپ يىغلىغان مىللەتلەردۇر . شۇڭا ئۇلار قەدىرلەشكە تېگىشلىك نەرسىلەرنىڭ نېمىلەر ئىكەنلىكىنى ۋە قانداق قەدىرلەش كېرەكلىكىنى تازا ياخشى بىلىدۇ. روھى پاكىز ۋە جەسۇر مىللەتلەرمۇ كۆپ يىغلىغان مىللەتلەردۇر. ئۇلار ياش ئارقىلىق ۋۇجۇدىدىكى مەينەت زەرداپلارنى تازلاپ تۇرىدۇ. سېلىم چۈۋىننىڭ ياشلىرى گۈل تەشتىكىدىكى تۇپراق بىلەن قوشۇلۇپ كەتتى. ئۇنىڭ نەزىرىسى داۋاملاشماقتا ئىدى. گەرچە دەپنە قىلىشقا ئۇنىڭ جەسدى بولمىسىمۇ لېكىن بۇ دۆلەتتە تۇرىۋاتقان ئۇيغۇر جامائېتى بىر تەقلىدى جىنازا ھازىرلاپ ، نامىزىنى چۈشۈرۈپ، بىر مۇسۇلمانلار قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلىشنى ۋە قەبرە تېشى ئورنۇتۇپ ، سېلىمنىڭ مۇھاجىرەتتە قۇربان بولغان تۇنجى ئۇيغۇر ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭ قەيەردىن كەلگەنلىكىنى ، قانداق ئۆلگەنلىكىنى يېزىپ ، تارىخ قىلىپ قويۇشنى لايىق كۆرۈشتى . مەخسۇس ئۆلچەملىك قىلىپ بۇيرۇتۇلغان جىنازىمۇ يېتىپ كەلدى ۋە زالنىڭ ئوتتۇرسىغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى . پېشىن ۋاقتى بولۇپ قالغان بولغاچقا، قارىم يەنە يېرىم سائەتتىن كېيىن ، جىنازە نامىزى چۈشۈرۈلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. كىشىلەرمۇ ئابدەست ئېلىشنىڭ تەرەددۇتىنى قىلىشقا باشلىدى . شۇ ۋەجىدىن سېلىم قونىۋالغان گۈل تەشتىكىنىڭ ئەتراپىمۇ چۆلدەرەپ قالغاچقا ئۇ ئاستا ئۇچۇپ، ئاۋال بىر ئورۇندۇقنىڭ گىرۋىكىگە، ئاندىن ئىشىكلەرگە قونۇپ دېگۈدەك ئادەملەر توپىغا قوشۇلىۋالدى . ئۇنىڭ قۇلىقىغا ـ ئەي خۇدا ئۇلۇقكەن جۇمۇ. بۇ دۇنيادا كىمگە قىلساڭ ، ئۇنىڭ ئەينىسىنى ساڭا كۆرسىتىدىكەن . بۇرۇن تاغ ئايلانغان بولسا ھازىر بوسۇغا..........ھەي...... ـ دېگەن سۆزلەر كىرىپ قالدى. بۇ گەپلەرنى قىلىۋاتقان سېلىم چۈۋىننىڭ يۇرتلىقى ئەزىز ئادىداس ئىدى . ئەينى يىللاردا سودا ـ تىجارەت جانلانغان چاغلاردا ، ئەزىز ئوتتۇرا ئاسىياغا ئادىداس يۆتكەپ سېتىپ پۇل تاپقان بايلاردىن ئىدى . سېلىم چۈۋىن ئاستا ئۇچۇپ كېلىپ ئەزىز ئادىداسنىڭ ياقىسىغا قونىۋالدى ـ دە، گەپ تىڭشاشقا باشلىدى ـ : ئۆتكەن يىلى ئاپام ـ دادامالار

ۋەتەندىن كەلگەندە، سىلىم ئەشۇ يوقىرى سۈرئەتلىك تاشيولدىكى ئۆتنۈشمە كۆۋرۈكتە ، بىر ئېغىز ئېڭگىلىزچە بىلمەيدىغان دادام- ئاپاملارنى ماشىنىسىدىن چۈشۈرۈۋېتىپتىكەن قاراڭلار خالايىق ، بۇ يىل دەل ئۆزى ئاشۇ ئۆتنۈشمە كۆۋرۈكتىن چۈشۈپ كېتىپتۇ . قىپ - قىزىل ساراڭ نېمىتى ئۇ . ئەل قىساسى مىنەل ھەق دېگەن شۇدە.

ئەسلى ۋەقە مۇنداق بولغان ئىدى . ئۆتكەن يىلى ئەزىز ئادىداسىنىڭ ۋەتەندىن ئاتا- ئانىلىرى كەلدى . ئۇيغۇرلار ئۇلارنى بىرمۇ- بىر ئۆيلىرىگە چاقىرىشىپ كاتتا مېھمان قىلىشتى. سىلىممۇ شۇ قاتاردا مېھمان دوستلۇقىنى كۆرسەتتى . ئۇ بىر قوينى سويۇپ قوۋۇرغا كاۋاپ، زىق كاۋاپ، تونۇر كاۋاپ ۋە توخۇ كاۋاپ دېگەندەكلەرنى تەييارلىدى . ئۇنىڭ خانىمى ئاشلەڭپۇڭ، سېرىق ئاش، شىرنە قىسماق ۋە نۇرغۇنلىغان سوغۇق سەيلەرنى تەييارلاپ، نۇرغۇن ئۇيغۇر لارنى چاقىرىپ، شەھەرنىڭ سىرتىدىكى بىر كۆل بويىغا دالا تامىقى ئورۇنلاشتۇردى. ئەزىز ئادىداسىنىڭ ئاتا - ئانىلىرى شەھەر سىرتىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانلىرى، چەكسىز كەتكەن ياپېشىل ئېتىزلىقلار، مۈرىشۋاتقان كالا ،قوي پادىلىرى، ۋە غۇچچىدە ئېچىلغان ياۋا گۈل، قۇچاق يەتكۈسىز دەرەخلەردە ئېچىلىپ تۇرغان رەڭگا- رەڭ چىچەكلەرنى ، شۇنداقلا بۇ شەھەرنىڭ ھەم تېنىچ ھەم ساپ ھاۋاسىنى ۋەتەنىنىڭ كۈنەس،تېكەس، نىلقا ۋە موڭغۇلكۈرە يايلاقلىرىغا ئوخشۇتۇپ ، ئىنتايىن ھاياجانلاندى. سورۇندا دۇتار، تەمبۇر، ئاكاردىيونلارمۇ چېلىنىپ ناھايىتى قىزغىن بىر كەيپىيات ھۆكۈم سۈرگەن ئىدى.

بىلگىڭ كەلدىمۇ يايرىم،

كىم بىلەن يۈرگەنىمنى.

ئەسلەپ قويارسەنمۇ يايرىم،

سېنىلا سۆيگەنىمنى.

ئايدىڭ كېچىلەر كەتتى،

شېرىن كېچىلەر كەتتى.

مېنى شۇنداق كەتتى دەمسەن؟

قەلبىم سەن بىلەن كەتتى.

..................

كىردىمۇ چۈشلەرىڭگە،

ئۆچچەرۋاز كوچالارى.

ئەگەر سۆيسەڭ يۈرەڭىڭدىن

ئەسلەپ قويارسەن مېنى.

كاۋاپلار بىر قۇر تارتىلىپ بولغاندىن كېيىن، سىلىم ئاكاردىيۇننى قولىغا ئالدى- دە ، ياش ۋاقتىلىرىدا كۆپ چالغان يوقۇردىكى ناخشىنى جىرلاشقا باشلىدى. كۆز يەتكۈسىز ئۇزاقلارغا سوزۇلغان كۆپ- كۆك كۆل سۈيى ، ئاۋغۇستنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدىكى سەلكىن شامالدا تۇرۇلۇپ-تۇرۇلۇپ كېلىپ ساھىل ئانىنىڭ قۇچىقىغا ئۆزىنى ئاتماقتا ئىدى. ئادەمسىز تېنچ ياپ - يېشىل باغچە، كۆل سۈيى ۋە ئۆلمەس ناخشىلار قوشۇلۇپ سورۇننىڭ كەيپىياتى باشقىچە جانلانغان بولۇپ، قەلبلەردە ۋەتەن ۋە ئانا يۇرتنى سېغىنىش ئىستىگى تېپچەكلىمەكتە ئىدى . سىلىم كۆزلىرىنى يۇمۇپ تۇرۇپ پۈتۈن زىھنى ، ئىشتىياقى ۋە مۇھەببىتى بىلەن ئاكاردىيۇننى چالماقتا. شۇ مىنۇتلاردا ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن ئۇ تۇغۇلۇپ ئۆسكەن بوستان شەھەر غۇلجىنىڭ ھەر بىر گۈل - گۈلىستان مەھەللىلىرى، ئىلى دەريا بويلىرى، ئالمىزارلىق قورۇلار بىرمۇ ، بىر كۆرۈنۈش بولۇپ ئۆتمەكتە ئىدى . سورۇندا دۇتتار ، تەمبۇرمۇ چېلىنىپ ئىلى خەلق ناخشىلىرى ئورۇنلاندى. بىر قۇر كۈلكە چاخچاقمۇ بولۇپ ئۆتتى . ئەلۋەتتە بۇ دۆلەت بەك كۆپ غەۋغا، شاۋقۇن - سۈرەننى كۆتۈرەلمىگەنلىكى ئۈچۈن، غۇلجا سورۇنلىرىدا ئۇچرايدىغان خەپشۇك ھەي ............خەپشۇك. ئۇ،ھوي... راس ھوي راس - دەپ ۋاقىراشلار، ۋۇششەرە- دەپ رۇمكا سوقۇشتۇرۇشلار، ئازراق

قىزىۋالغاندىن كېيىنكى كۆڭۈل چۈشەندۈرۈشلەر، مەسلەرنىڭ ھاياجانلىنىپ مەيدىلىرىگە ئۇرۇشلىرىدەك كۆرۈنۈشلەر بولمىسىمۇ ئەمما ناھايىتى ئەتراپلىق ئورۇنلاشتۇرۇلغان ساياھەت، سۆھبەت ۋە كۆڭۈل ئېچىش بىرلەشتۈرۈلگەن چەتئەللەردىكى ئۇيغۇر تۇرمۇشى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بىر سورۇن بولغان ئىدى.......

دۇنيادا ئۆزەڭنىڭ نەرسىلىرىڭدەك قىممەتلىك نەرسىلەر بولمىسا كېرەك . مەيلى ئۇ ئىجابى نەرسىلەر بولسۇن ۋە ياكى سەلبى نەرسىلەر بولسۇن. دۇنيانىڭ نەرىگە باساڭ بار، ئۆز نەرسىلىرىڭنى سېغىنىسەن ، پۇرايسەن ، ئىزلەيسەن . ساڭا ئۇ ھەر زامان سايە بولۇپ ئەگىشىپ ، سېنىڭ سېغىنىش پۇراقلىرىڭنى، پىغانلىرىڭنى ھەسسىلەپ ئاشۇرىدۇ. بەزەن مېيىڭىڭدا كۈلۈپ قويىسەن، بەزەن ئۇھ تارتىسەن . بۇ سورۇنغا داخىل بولغانلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ۋەتەن سورۇنلىرىدىكى ھەر بىر ئادەم، ھەر بىر ئۇششاق ئامىللار ھەتتا غىققىدە ئېچىۋېلىپ ھار ۋاقت ئۆزىنى مالاڭ قىلىدىغان، يىغلاپ تۇرۇپ كۆڭۈل چۈشەندۈرۈپ، بىر گەپنى قايتىلاۋېرىدىغان مەسلەرگىچە چوڭقۇر سېغىنغان ئىدى. سورۇندا يېيىش، ئىچىش ۋە ساز- پازلار بىر قۇر تاماملىنىپ بولغاندىن كېيىن ، سېلىمنىڭ خوشنىسى داۋۇت سورۇنغا داخىل بولغان مېھمانلارنى ئۆز - ئارا تونۇشتۇردى . تونۇشتۇرۇش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ئۆز - ئارە سۆھبەت باشلىنىپ كۆپچىلىك ئەزىزنىڭ ئاتا - ئانىسىدىن ۋەتەنىنىڭ، يۇرت - جامائەت، تونۇش - بىلىش، ئەل - ئاغىنىلەرنىڭ ئەھۋالىنى سوراشقا باشلىدى.

- ھازىر بۇرۇنقىدىن جىق ياخشى بولۇپ كەتتى شىنجاڭدا ئىشلار- دەپ ، گەپ باشلىدى ئەزىزنىڭ دادىسى مەترېھىم . مەنمۇ دەم ئېلىشقا چىققىلى بەش يىل بولدى . ئىلى ئوبلاستلىق سىياسى كېڭەش ئەزاسى بولۇپ تۇرۇۋاتقىنىمغا ئون يىل بولدى . ھەر ھالدا ھۆكۈمەت قانداق بىر ئىشنى قىلماقچى بولسا بىزدىن مەسلىھەت ئېلىپ قىلىدۇ . ئاللاغا مىڭ شۈكۈر.

مەترېھىمنىڭ ئاغزىدىن چىققان « شىنجاڭ » ئاتالغۇسى بىلەن سىياسى كېڭەشنىڭ ئەزاسىمەن دېگەن ئىبارىنى تۇيۇش بىلەن تەڭ سېلىمنىڭ يۈرىكى جىغغىدە قىلىپ ئۆرتەندى ئەمما ئۇ چاندۇرمىدى . -بەلكىم شىنجاڭنىڭ شەرقى تۈركىستان - دەپ ئاتىلىدىغانلىقىنى بىلمەيدىغاندۇر . نەدىن بىلسۇن بۇ بىچارە، ۋەتەندىن باشقا يەرگە چىقىپ باقمىسا دەپ- مەترېھىمگە ھەق بېرىشكە تىرىشتى ئۇ خىيالەن . لېكىن ئۇنىڭ -مەن سىياسى مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ ئەزاسىمەن - دىگەن سۆزلىرى ،سېلىمنىڭ قىزغىن كەيپىياتىغا ئانتراكتىكىنىڭ مۇزدەك سۇيىنى چېچىۋەتكەندەك بولدى . چۈنكى ئۇ سىياسى كېڭەش ئەزالىرىنىڭ قانداق ۋە قانچىلىك ئادەملەردىن تەركىپ تاپىدىغانلىقىنى ياخشى بىلەتتى . 5-فېبرال غۇلجا ئىنقىلاۋى بولغان مەزگىللەردە ، خىتاي ھۆكۈمىتى دەرھال سىياسى كېڭەش ئەزالىرىنى تەشكىللەپ، بۇ ھەرىكەتنىڭ خارەكتېرىنى ئومۇمى يۈزلۈك قارىلاشقا ئاتالمىش « خەلق پىكرى » ئاساسىنى تۇرغۇزغان . ئازراق ۋىجدانى بار، ئاق- قارىنى پەرق ئېتىدىغان ، روھى تېخى ئۆلمىگەن سىياسى كېڭەش ئەزالىرى، ئەزالىقتىن دەرھال ئىستىپا بەرگەن ۋە ياكى بانايى سەۋەپ كۆرسىتىپ، شۇ كۈنكى تېلىۋىزوردا ئاڭلىتىلغان قارىلاش يىغىنىغا قاتناشمىغان ئىدى . ئەمما نۇرغۇنلىغان ئۇيغۇر تىللىق غالچا سىياسى كېڭەش ئەزالىرى، 5- فېبرال غۇلجا ئىنقىلاۋىغا قاتناشقان ئۇيغۇر يىگىتلىرىنى قارىلىغان ھەتتا نومۇس قىلماستىن خىتاي ھۆكۈمەت دائىرلىرى تەكىتلەيدىغان « ئەكسىل ئىنقىلاپچىلارنى كوچىدىن ئۆتكەن چاشقاننى ئۇر-ئۇر قىلغاندەك ئۇر -ئۇر قىلىش كېرەك » دېگەن ئىبارىلەرنىمۇ قىزغىن كەيپىياتتا بەس - بەستە تەكرارلاشقان ئىدى . ئەنە شۇ يىللاردا سېلىم غۇلجىدا ئىدى . تېلىۋىزورئاڭلىتىشلىرىدا بۇ خائىنلارنىڭ ئۇيغۇر ياشلىرىنى قارىلىغان مۇھاكىملىرى ئايلارچە ھەتتا يىللارغىچە سوزۇلغان ئىدى . لېكىن ھېچقانداق بىر سىياسى كېڭەش ئەزاسى بۇ باللارنى قەيەرگە سولىدىڭلار، ھېچبولمىغاندا بۇلارنىڭ ئىز - دېرىكىنى بولسىمۇ بېرىڭلار، ئاتا - ئانىلار ، ئائىلىلىرى خاتىرجەم بولسۇن ، سوراق جەريانىدا ئۆلۈپ كەتكەن باللارنىڭ سانى ئەللىكتىن ئاشتى، بىز سىياسى كېڭەش ئەزالىرى تۈرمىلەرنى ، ساقچىخانىلارنى زىيارەت قىلىپ باقساق - دېگەن گەپنىمۇ دېيەلمىگەن ئىدى . سېلىم ۋە ئۇنىڭ ئەل - ئاغىنىلىرى بىرلىشىپ سىياسى كېڭەش ئەزالىرىغا بىر تەكلىپ يوللىغان بولسىمۇ ئۇلاردىن ھېچقانداق ئىنكاس كەلمىگەن ئىدى. ئاردىن 15 -16 يىل ئۆتكەن بولسىمۇ سىياسى كېڭەش ئەزالىرىغا بولغان قاتتىق نەپرەت ۋە ئۆچمەنلىكنى ئۇ يۈرىكىدە كۆتۈرۈپ يۈرمەكتە ئىدى. ۋەتەندىن كەلگەن بۇ ئادەمنىڭ سۆزلىرى سېلىمنىڭ كونا ۋە مەڭگۈ ئۇنتۇلمايدىغان ئېچىنىشلىق يارىسىغا تۇز سەپكەن ئىدى . شۇنداقتىمۇ ئۇ ئۆزىنى قاتتىق تۇتىۋالدى . چۈنكى ئۇ ساھىپخان- دە . ئۇ يەنە -خەيرىيەت ، گويا روھى دۇنياسى قاراڭغۇ ئورماندا قالغانلاردا ئەمەس، بەلكى روھىيىتىمىزنى ئەشۇ قاراڭغۇ ئورمانغا باشلاپ كىرگەنلەردە- دەپ، ئۆز-ئۆزىگە تەسەللى بېرىشكە باشلىدى. كۈچلۈك ئىمپېرىيالىستلارنىڭ ھەر ۋاقت قوللىنىدىغان ھىلىسى، ئاجىز مىللەتلەرنىڭ روھىنى قاراڭغۇلاشتۇرۇش ۋە ئاخىرىدا قۇل قىلىش . بىزنىڭ بۇندىن كېيىن چەتئەللەردە ئېلىپ بارىدىغان ئۇيغۇر دەۋايىمىزنىڭ نىشانى ئۇيغۇرلارنى ۋە ئۇلارنىڭ بېشىغا كېلىۋاتقان ئېغىر قىسمەتلەرنى دۇنياغا تونۇتۇش بىلەن بىرگە ، ئۇيغۇر روھىيىتىنى جۇلالىتىش ، ئۆزىمىز ئۆلسەك ئۆلەيلىكى، ئەمما ئۇيغۇرلۇق روھىمىز

ئۆلمسۇن ـ دەپ ئويلىدى . قانداقلا بولمسۇن سورۇن جىدەل ـ غەۋغاسىز، تارتىشما ، ھەم مۇنازىرىسىز ، ساق ـ سالامەت ئاخىرلاشتى.

يازنىڭ ئۇزۇن كۈنلىرى داۋاملاشماقتا ئىدى . ئۇلار ئەتتىگەن سائەت 11 دىن كەچ سائەت 5 كىچە ئولتۇرۇشنى داۋاملاشتۇرۇپ ، ئەمدى قايتماقچى بولۇشتى. سورۇندىكىلەرنىڭ ئالدىدا ئۆز ئۆيلىرىگە يېتىپ بېرىش ئۈچۈن يەنە ئۈچ سائەتلىك يول بار ئىدى.

سېلىم ماشىننى ئوت ئالدۇرۇپ قوزغۇلاي دەپ تۇرۇۋىدى ، ئەزىز ئادىداس ـ توختا ـ توختا دەپ قول ئىشارىتى قىلىپ ئۇنىڭ ئالدىغا يۈگرۈپ كەلدى ۋە ـ مېنىڭ ماشىنام كىچىك بولغاچقا دادام ئاپاملار بۇ ياققا كەلگىچە راھەت بولالمىدى، قايتىشتا سېنىڭ ماشىناڭ 7 كىشىلىك بولغاندىن كېيىن، ئۇلارنى سەن ئېلىۋالغان بولساڭ ـ دەپ ئۆتۈندى . ـ چاتاق يوق ، چىقسۇن ـ دېدى سېلىم ئوغۇل بالىچىلىق قىلىپ . شۇنداق قىلىپ ئۇ ، ۋەتەندىن كەلگەن سىياسى كېڭەش ئەزاسى ۋە ئۇنىڭ خانىمى بىلەن ئۆزى خالىمىغان ھالدا يەنە سەپەرداش بولۇپ قالدى. ماشىنا قوزغۇلۇپ ئالاھەزەل 15 مىنۇتلار ئۆتكەنگە قەدەر جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى . ئۇلار ئادەتتىكى يوللاردىن قايرىلىپ شەھەرنىڭ شەرق تەرىپىگە قاراپ سوزۇلغان يوقۇرى سۈرئەتلىك تاشيولغىمۇ بىمالال كىرىۋالدى.

ـ ئۇكام ، ئۆزىڭىزغۇ خويمۇ ئوبدان بىر بالىكەنسىز . ئاكارديۇننىمۇ چېلىپ ، جىرلاپ دېگەندەك چاڭ چىقىرۋەتتىڭىز. دۇتتار، تەمبۇر دېگەننىمۇ چالىدىكەنسىز . ئېلى خەلق ناخشىلىرىنىمۇ ياخشى ئېيتىدىكەنسىز . ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر ئوبدان ئائىلىڭىز ياخشى ، ئىقتىسادىڭىزمۇ باركەن . ئېڭگىلىزچىنىمۇ سۇدەك سۆزلەيدىكەنسىز . نېمىشقا بۇنداق يوللارغا كىرىپ قالغانسىز ؟ ـ دىدى سىياسى كېڭەش ئەزاسىنىڭ خانىمى جىمجىتلىقنى بۇزۇپ.

ـ قايسۇ يولنى دەيسىز ھەدە؟ ـ سوردى سېلىم ، خانىمنىڭ سوالىغا سوال بىلەن جاۋاپ قايتۇرۇپ.

ـ ھۆكۈمەت بىلەن قارشىلىشىدىغانچۇ؟

ـ ھە، مۇنداق دەڭ.......سېلىم كۈلۈپ كەتتى ۋە ـ مەن ئۆزەم خالاپ تاللىغان بۇ يولنى . پۇشمان قىلمايمەن ھەدە ـ دېدى جاۋابەن. ئارىنى بىر ئاز جىمجىتلىق قاپلىدى . ئاندىن سىياسى كېڭەش ئەزاسى سۆزلەشكە باشلىدى. ـ ھازىر غۇلجىلار بەك ياخشى بولۇپ كەتتى . تەلكە تاغلىرىنى تېشىپ ، ناھايىتى يوقۇرى تېخنىكا بىلەن مۇشۇ يولغا ئوخشاشلا يوقۇرى سۈرئەتلىك تاشيول ياسالدى . .. سىياسى كېڭەش ئەزاسى « ناھايىتى » ـ دېگەن گەپنى سوزۇپ ۋە يىمىرىپ ئېيتاتتى . ئۇ يەنە داۋام ئەتمەكتە ـ غۇلجىغا پويىز كەلدى . ھازىر غۇلجىدىن ئۈرۈمچىگە پەقەت سەككىز سائەتتىلا كىرىپ كەتكىلى بولىدۇ. ئېلى دەرياسىغا يېڭى كۆۋرۈك سېلىندى............سىياسى كېڭەش ئەزاسى توختىماي خىتايىنى ماختايتتى . خۇددى خىتاي ھۆكۈمىتى مەخسۇس خىتايىنى ماختاش ئۈچۈن ئۇنى چەتئەلگە چىقارغاندەكلا. ئالاھەزەل يىرىم سائەتچە ماختىغاندىن كېيىن ، سىياسى كېڭەش ئەزاسى جىمىپ قالدى . بەلكىم چارچاپ قالغان بولسا كېرەك. سېلىم ئۇنىڭ ماختاشلىرىغا ھېچقانداق ئىنكاس قايتۇرماي ، سۈكۈت ئىچىدە ماشىنىسىنى ھەيدەۋەردى. بۇ قېتىم سىياسى كېڭەش ئەزاسىنىڭ خانىمى سۆزلەشكە باشلىدى. ـ ھازىر ھۆكۈمەتنىڭ سىياستى بەك ياخشى . ئەگەر دېھقانلارنىڭ يەرلىرىنى ھۆكۈمەت ئېلىشقا توغرا كەلسە ، ئۇلارغا ئەسلى باھادىن ئۈچ ھەسسە يوقۇرى باھا بېرىۋاتىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆيلىرى قۇرۇلۇشلارغا توغرا كېلىپ قالسىمۇ شۇنداق.

ئارىنى سۈكۈنات قاپلىدى. سېلىم ئىچىدە ئاللاھىم ! يا رەببىم ، ماڭا ئۆزەڭ سەبىر بەرگەيسەن . مېنى كىم بىلەن ئۇچراشتۇرساڭ ئۇچراشتۇرغىنىڭ ، ئەمما بۇنداق روھى ئۆلگەن ئادەملەر بىلەن ھەرگىز ئۇچراشتۇرمىغىن ـ دەپ ، دۇئا قىلاتتى ئىچىدە. ـ ئەمما بەزى مىللى بۆلگۈنچى ، تېرورچىلار ئۇ يەر، بۇ يەرلەردە خەنزۇ يولداشلارنى ئۆلتۈرۈپ قويۇپ يۈزىمىزنى بەك تۆكۈۋەتتى . ئۆيلەرنى تەكشۈرۈپ كىرگەن خەنزۇ ساقچىلار، بىزگىمۇ ئامال يوق ھەدە ! ئادەم ئۆلتۈرۈشكە يول قويساق بولمايدۇ ـ دېيىشىپ ئۆزرە ئېيتىدۇ بىزگە ـ دېدى ، ھېلىقى موماي كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ . ئۇنىڭغا ئۇلاپلا سىياسى كېڭەش ئەزاسى سۆزلەشكە باشلىدى ـ ئۇيغۇرلار ھورۇن، بەك ھورۇن . خەنزۇ يولداشلار ـ بىزگە تارتقۇزۇپ قويمىغان پەقەت جامىرىڭلارلا قالدى ، قالغان ھەممە نېمەڭلارنى تارتقۇزۇپ قويدۇڭلار ـ دەۋاتىدۇ. خىتاي ھۆكۈمىتى بەك كۈچلۈك ھازىر. تېرورچىلار بۇنداق قىلىۋېرىدىغان بولسا ئۇيغۇرلانىڭ يۈزىنى بەك تۆكىۋېتىدۇ...ھازىرمۇ خەنزۇ يولداشلارنىڭ ئالدىدا يۈزىمىز قالمىغىلى تۇردى.

سېلىم ئېغىر بىر ئۇھ تارتتى ـ دە، ئاندىن ھەي ئاكا، دەريادىكى سۇ يوقۇرى ئۆرلىگەنسىرى بېلىقلار دەريادىكى ھاشارەتلەرنى يەيدۇ . دەريا سۈيى چېكىنگەندە بولسا ھاشارەتلەر بېلىقلارنى يەيدۇ . بۈگۈن ھېچكىم ئۆزىنىڭ كۆچلۈكلىكى ۋە شۆھرىتى بىلەن ماختىنىشقا ھەقلىق ئەمەس . چۈنكى ئەتە كىمنى كىمنىڭ يەيدىغانلىقىنى سۇنىڭ كۈچى بەلگىلەيدۇ ـ دېدى ـ دە، سۈرئەتنى سەل ئاستىلاتتى ۋە يوقۇرى سۈرئەتلىك تاش يولنىڭ توختاش رايۇنىغا ئۆتۈپ ، ماشىنىسىنىڭ جىددى ئەھۋالدا توختاش سىگنالىنى ئېچىپ تۇرمۇزلىدى . ئۇ ھېلىقى ۋىتىلداق خانىمنىڭ ـ سېلىم ئۇكام ئۇنداق قىلماڭ ـ دېگىنىگىمۇ قۇلاق سالماي ، ماشىنىدىن ئىرغىپ چۈشتى ـ دە، ئۇلۇك تەرەپكە ئۆتۈپ ئىشىكنى ئاچتى ۋە زەردە بىلەن : ماشىنامدىن چۈشۈش ـ دەپ ۋاقىردى . ۋوي ، ۋوي نېمە بولدى ؟ بىز قانداق كېتىمىز بۇ يەردىن . ئەزىز نەدە قالدى ؟ ھېچبولمىسا ئۇنى چاقىرىپ بەرگەن بولسىڭىز ـ دېدى تىترەپ تۇرغان سىياسى كېڭەش ئەزاسى بىلەن ئۇنىڭ خانىمى يىلىنىپ. . ـ قەلبىڭىزدىكى ناھايىتى ھۆرمەتلىك ۋە كۈچلۈك خىتاي كونسۇلى ۋە ئۇ يەردىكى ساڭا سىلىق مۇئامىلە قىلىدىغان خەنزۇ بۇرادەرلىرىڭ كېلىپ سەنلەرنى ئېلىپ كېتىدۇ. ئەنسىرەشمە ـ دېدى ئۇ قوپاللىق بىلەن . شۇنداق قىلىپ سېلىم بۇ سىياسى كېڭەشنىڭ ئەزاسى بىلەن ئۇنىڭ مومىينى يوقۇرى سۈرئەتلىك تاش يولغا تاشلاپ قويدى ـ دە يەتمىش پۇشتۇڭنى پالان قىلاي شوۋىكەش گۇيلار ! پالان نېمەم.... ـ دەپ ئاغزىنى بۇزغانچە خانىمى بىلەن يۈرۈپ كەتتى . بۇ چاغدا خېلى كەچ كىرىپ قالغان بولۇپ ، ماشىنىلار يوقۇرى سۈرئەتلىك تاشيولدا يۈز يىگىرمە ـ يۈز ئوتتۇزلۇق سۈرئەت بىلەن ئۇچماقتا ئىدى.

ئەگەر بەدەنىڭ ئۆلۈشى بىلەن روھىنىڭ ئۆلۈشىنى سېلىشتۇرۇشقا توغرا كەلسە ، ئۆلۈم ھاياتتىكى ئەڭ چوڭ يوقۇتۇش ئەمەس . ئەسلى يوقۇتۇش ياشاۋاتقان ھالدا ئىچىمىزدە تۇرۇپ ئۆلگەنلەردۇر . بىرىنجىسىدە بەدەن ئۆلگەن . ئىككىنچىسىدە بولسا رۇھ ئۆلگەن بولىدۇ . بۇنداق ئادەملەر ئۆزلىرىنىڭ سۆيگەنلىرىنى ئۆلۈم مەيدانىغا ئېلىپ ماڭغان قاتىلارنى ياشىسۇن دەپ شوئار توۋلايدۇ . رۇھ بىزنى جاسارەت بىلەن شان شەرەپ يولىغا باشلايدىغان ماياكتۇر . سېلىم قاتارلىق نۇرغۇنلىغان ياشلار چەتئەللەرگە چىقىپ ۋەتەن دەۋاسى قىلىشتىن ئىبارەت بۇ جاسارەتنى ئانا خەلقى ۋە ۋەتىنى بەرگەن ئۇلۇق رۇھتىن ئالغان . تاغلار يىلتىزلىرىنىڭ قانچىلىك چوڭقۇرلىقى نىسبىتىدە يۈكسىلىدۇ . ئەمما مىللەت ئۆزىدە قانچىلىك رۇھىنىڭ بارلىقى بىلەن يۈكسىلىدۇ. سېلىم ھەر قاچان غەزەپلەنگەندە چەتئەلگە يولغا چىقىش ئالدىدا ئانىسىنىڭ ئۇنىڭغا ئېيتقان ۋەسىيەتلىرىنى يادىغا ئالاتتى : « ئوغلۇم ، سەن تۇغۇلغاندا ھەممە ئادەم كۈلدى ، ئەمما سەن يىغلىدىڭ ، كەت يىراقلارغا كەت ، ئەمما سەن ئۆلگەندە ھەممە ئادەم يىغلىسۇنكى سەن كۈل . ئەگەر بۇ دۇنيادا قايتا كۆرۈشەلىسەك كۆرۈشەلىدۇق . ئەگەر كۆرۈشەلمىسەك بۇ مېنىڭ ۋەسىيىتىم ساڭا . ئۇ دۇنيادا كۆرۈشەيلى«

شۇ كۈنى يېرىم كېچىدە سېلىمنىڭ ئۆيىگە ساقچىلار كەلدى . ئۇلار سېلىمدىن نېمىشقا بۇ دۆلەتكە ساياھەتكە كەلگەن بۇ ئىككى نەپەر مېھماننى يوقۇرى سۈرئەتلىك تاشيولغا تاشلاپ قويغانلىقىنى سورىدى . ئۇ ساقچىلارغا : مەن ئۇ ئىككەيلەننى ئاشۇ يەرگە كەلگىچە ئەكىلىپ قويۇشنى لايىق كۆردۈم . ئۇلارنى مەنزىلىگە ئاپىرىپ قويۇشنى خالىمىدىم ـ دىدى . ساقچىلار يەنە ـ سەن ئۇنىڭ ئوغلىغا ئۆيىگە قەدەر ئاپىرىپ قويۇشقا ۋەدە بەرگەن ئىكەنسەن ـ دېدى، سوراق تەرىقىسىدە . ـ شۇنداق ۋەدە بەرگەن ئىدىم . ، لېكىن يېرىم يولغا كەلگەندە قارارىمنى ئۆزگەرتتىم . چۈنكى ئۇلار مېنىڭ شەخسىيىتىمگە تېگىدىغان گەپلەرنى جىق قىلىپ ، مېنى قاتتىق بىئارام قىلىۋەتتى . مەن يولنى ئۇلار بىلەن بىللە داۋاملاشتۇرسام ،بىرەر ھادىسە چىقىرىپ قويۇشۇمدىن ئېھتىيات قىلىپ ، ئۇلارنى شۇ يەرگە تاشلاپ قويدۇم . ساقچىلار يەنە ـ ئۇنداقتا نېمىشكە يوقۇرى سۈرئەتلىك تاشيولدىن چىقىپ ، ئادەتتىكى بىر يەرگە چۈشۈرۈپ قويمىدىڭ ـ دەپ سورىۋىدى ، سېلىم ـ بۇلار ئاتەيتەن زىيارەتكە كەلگەن ئىكەن يوقۇرى سۈرئەتلىك تاشيولنىمۇ ياخشى زىيارەت قىلىپ پەيزىنى سۈرۈپ كەتسۇن ـ دەپ شۇنداق قىلدىم ـ دىدى، ساقچىلارغا خۇددى سورۇنلاردا ئۇيغۇرلارغا چاخچاق قىلىۋاتقاندەك قىياپەتتە . ساقچىلارمۇ كۈلۈپ قويۇپ چىقىپ كېتىشتى. ئەتىسىدىن باشلاپ « مەشرەپ » ۋە « ئۇيغۇر ئامېركا بىرلەشمىسى» تور بەتلىرىنىڭ مۇنازىرە مەيدانلىرىدا سېلىمنى تىللاش باشلىنىپ كەتتى.

:ئۇلار سېلىمنى ـ ۋەتەندىن ئۇزاق يوللارنى بېسىپ تۇققان يوقلاشقا كەلگەن، ئاق كۆڭۈل ئاتا ـ ئانىنى يوقۇرى سۈرئەتلىك تاشيولغا تاشلاپ قويغان ئىپلاس ، ناچار ئادەم، بۇنى قانداقمۇ مىللەتچى دېگىلى بولسۇن ، خائىن، نېرۋىسىدىن ئاداشقان ساراڭ ـ دەپ تىللاشتى. بۇ مۇنازىرە مەيدانلىرىدىكى بىر ـ بىرىنى تىللاشلار قىزىپ ، خۇددى يازنىڭ تومۇز كۈنلىرىدەك پىژغىرىم ئەھۋالغا كەلدى . سېلىم بۇلارنىڭ ھېچقايسىسىغا جاۋاپ قايتۇرمىدى. ئارىدىنئىككى 2 ھەپتە ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ، بۇ دۆلەتتىكى ئەزىز ئادىداس گوروسىدىكى ئۇيغۇرلار يىغىن تەشكىللەپ ـ سېلىم قان ئەزىز ۋە ئۇنىڭ ئاتا ئانىسىدىن ، شۇنداقلا بارلىق ئۇيغۇر جامائېتىدىن ئەپۇ سورىشى كېرەكلىنى تەلەپ قىلىپ ئۇختۇرۇش تارقاتتى. سېلىم شۇ

كۆنى ئېچىلغان يىغىنغا ئۇچىسغا ئاپئاق كۆينەك، شەرقى تۈركىستان بايرىقىنىڭ رەڭگىدە سۇس ھاۋا رەڭ سارجىدىن كاستيۇم بۇرۇلكا، سۇس ھاۋارەڭ گالىستۇك تاقاپ، چاچ ، ساقال بۇرۇتلىرىنى پاكىز ياستىپ باردى. ئۇ ، يىغىن مەيدانىغا ئىنتايىن تەمكىن كىرىپ كەلدى ۋە ھەر بىر ئۇيغۇر بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى . ئەمما ئۇيغۇرلار ئۇنىڭغا ھۆمىيىپ قارىماقتا ئىدى . يىغىن رىياسەتچىسى رۇستەم سۆز قىلىپ مۇنداق دېدى:

»ھۆرمەتلىك خانىملار، ئەپەندىلەر. يېقىندا 18 يىل كۆرمىگەن ئوغلى ھەمشەھرىمىز ئەزىزجاننى كۆرۈش ئۈچۈن، ئەزىز ۋەتىنىمىزدىن كەلگەن ئەزىزنىڭ ئاتا ئانىلىرى بۇ دۆلەتتە ياشاۋاتقان ، ئۆزىنى ئىنتايىن مىللەتچى دەپ قارايدىغان بىر ئۇيغۇر قېرىندىشىمىزنىڭ قاتتىق دەپسەندە قىلىشىغا ئۇچرىدى . يەنى سائېتىگە 130 كىلو مېتىر لىق تېزلىكتىكى يوقۇرى سۈرئەتلىك تاشيولغا رەھىمسىزلەرچە تاشلىۋېتىلدى .. . ئۇنىڭ سۆزى شۇ يەرگە كەلگەندە زال ئىچىنى ئۆز - ئارا غۇلغۇلا قاپلاشقا باشلىدى . - سۆيۈملۈك يۇرتداشلار تېنىچلىنايلى....تېنىچلىنايلى - دەپ، سۆزىنى داۋاملاشتۇردى رۇستەم - شۇنداق، بۇ ۋەقە بىز ياشاۋاتقان بۇ دۆلەتتىكى ئۇيغۇرلارنىلا بىئارام قىلماستىن ، بەلكى تور ئارقىلىق ۋەقەدىن خەۋەردار بولغان دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ياشاۋاتقان ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىمىزنىمۇ ئىنتايىن بىئارام قىلدى . بىز 30 ئوغۇل چېيى (تېئا پارتي) دىكى بارلىق ئاغىنىلەر بۇ ئىشقا نىسبەتەن قاتتىق نارازىلىقىمىزنى بىلدۈرىمىز. بۇ ئاق كۆڭۈل ، سەممى ئاتا - ئانىغا قىلىنغان ھۆرمەتسىزلىككە ئىنسان قانداقمۇ چىداپ تۇرالىسۇن . بىز بۇ يەرگە ھەرقايسىڭلارنى ئىككى ئىشقا گۇۋاھ بولۇش ئۈچۈن چاقىردۇق . بىرىنچىسى بۇ رەھىمسىزلىكنى سادىر قىلغان ئەپەندىم كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا ۋەقەگە ئىزاھات بېرىشى ۋە ئەزىزنىڭ ئاتا-ئانىسىدىن ، شۇنداقلا ئۇيغۇر جامائېتىدىن ئەپۇ سورىشى كېرەك . ئىككىنچىسى بىز بۈگۈن ھەرقايسىڭلاردىن بۇ رەھىمسىز قىلمىشنى سادىر قىلغان ئەپەندىمنىڭ دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتېيىدىكى ۋەزىپىسىنى ئېلىپ تاشلاش ئۈچۈن ئىمزا توپلاش ھەرىكىتىمىزگە ئاكتىپ ئاۋاز قوشۇشۇڭلارنى تەلەپ قىلىمىز . » رۇستەمنىڭ سۆزى شۇ يەرگە كەلگەندە ھەممە كىشىنىڭ كۆزلىرى سېلىمگە مەركەزلەشتى . رۇستەم سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ - بۇ ۋەقەنى سادىر قىلغان سېلىم ئەپەندىنى ئىزاھات بېرىشكە تەكلىپ قىلىمىز - دېدى.

سېلىم سەھنىگە چىقىپ سۆزلەشكە باشلىدى : ھۆرمەتلىك ۋەتەنداشلار، سۆيۈملۈك ئۇيغۇرلۇرۇم . مەن ۋەتەندىن ۋەتىنىمنىڭ نامىنى شىنجاڭ ئەمەس، شەرقى تۈركىستان دېيەلەمدىمكىن - دەپ ئايرىلدىم. سۆيۈملۈك ۋەتىنىمنى ، ئەزىز خەلقىمنى، ئاتا - ئانامنى، شۇنىڭدەك ئەجداتلىرىمنىڭ قەبرىلىرىنى، گۈل- گۈلۈستان مەھەللىلىرىمنى، شەرقى تۈركۈستان - دەپ ياشىماق ۋە شەرقى تۈركىستان دەپ ئۆلمەك ئۈچۈن، ئەزىز ۋە مۇقەددەس بايرىقىمىزنى باغرىمغا يېقىپ جان بەرمەك ئۈچۈن تەرك ئەتتىم ۋە شۇ مۇقەددەس ئەقدە يولىدا ئونبەش يىلدىن بۇيان چەتئەللەردە مۇساپىر بولۇپ يۈرىۋاتىمەن . مۇشۇنداق بىر ئەركىن دۆلەتتە نەپەس ئېلىۋاتقان بىر ئادەمنىڭ، مېنىڭ ماشىنامغا چىققان بىر ئادەمنىڭ ماڭا، مېنىڭ ۋەتىنىمنىڭ نامىنى مۇستەملىكچى نام بىلەن شىنجاڭ دەپ ئاتىشىنى ئەسلا قوبۇل قىلالمايمەن. ھۆرمەتلىك ۋەتەنداشلار، سۆيۈملۈك ئۇيغۇرلۇرۇم ، خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇيغۇر مەھەللىلىرىدىن ئىنتايىن قورقۇپ كەلدى، ساپ بىرەر خەنزۇمۇ ئارىلىشىپ قالمىغان ئۇيغۇر مەھەللىلىرى خىتاي ئۈچۈن خەتەرلىك جاي . خىتاي ھۆكۈمىتى بىزنىڭ ئۇيغۇر مەھەللىرىمىزنى، ئۇيغۇر مەدىنيىتىمىزنى يوق قىلىش، ئۇيغۇرلارنى تارقاقلاشتۇرۇش مەقسىدىدە مەھەللىمىزدىكى كونا ئۆي ۋاقلىرىمىزنى قىممەت پۇلغا سېتىۋېلىپ چېقىپ تاشلاۋاتىدۇ . يەنە بىر تەرەپتىن خېرىدار چاقىردۇق دېگەن بانا بىلەن نۇرغۇنلىغان خىتاي ئاققۇنلىرىنى ۋەتىنىمىز شەرقى تۈركىستانغا چاقىرىپ چىقىپ ، ئالاھىدە ئولتۇراق ئۆي رايونلىرىنى قۇرماقتا. بۇ ئولتۇراق ئۆي رايونلىرىدىكى تاۋار ئۆيلەرنىڭ ئىگىدارچىلىقى خىتايلارنىڭ قولىدا بولۇپ، يوغان قورۇ جايلىرىدىن ئايرىلغان ئۇيغۇرلارنىڭ قوللىرىدىكى پۇل ئۇيغۇرلارنىڭ ئانا ۋەتىنىدە خىتايلار بەرپا قىلغان بىر يۈرۈش تاۋار ئۆيىنى سېتىۋېلىشقا يەتمەيدۇ. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قان تەرىنى شوراپ، پۈتۈن بايلىقلىرىنى تالان - تاراج قىلىۋاتقان ، ئۇيغۇر خەلقىنى ئۆيلىرىدىن ، باغ- ۋاران ، مەھەللىلىرىدىن قوغلاپ چىقىرىپ، ئۇلارنىڭ زىمىنلىرىغا خىتايلارنى يەرلەشتۈرۈپ ، ئۇيغۇر خەلقىنى ئاسسىملاتسىيە قىلىشنى پىلانلاۋاتقان خىتاينىڭ بۇنداق رەزىل سىياسىنى قوللايدىغان ، ئەزىزنىڭ ئاتا ئانىسىدەك بۇنداق روھى ئۆلگەن ئادەملەرنى مەن ھەرگىز ماشىنامغا ئالالمايمەن . بىلىپ قېلىڭلاركى بۇ ئوچۇق - ئاشكارە غالچىلىقتىن ئىبارەتتۇر. بۇنداق غالچىلارنى ماشىنىدىن چۈشۈرىۋەتكەنىنىڭ ئۆزىمۇ بىر ئىنقىلاپ . زال ئىچىدىن ئالقىشلار ۋە ئىسقىرتىشلار كۆتۈرۈلدى.

ھۆرمەتلىك ۋەتەنداشلار، سۆيۈملۈك ئۇيغۇرلۇرۇم ، مەن ھەقىقەتەن دوستىمىز ئەزىزنىڭ ئاتا - ئانىسىنى يوقۇرى سۈرئەتلىك تاشيولدا ماشىنىدىن ئىتتىرىپ چۈشۈرىۋەتتىم . بۇنى ئېتىراپ قىلىمەن . چۈنكى مەن ۋەتىنىمىز شەرقى تۈركىستاننى خىتاي جاللاتلىرىنىڭ قولىدىن قۇتۇلدۇرۇش، خورلىنىۋاتقان ۋەتىنىمىز ۋە خەلقىمىزنى خىتاي مۇستەملىكچىلىرىدىن ئازات قىلىش

ئۇچۇن كۈرەش قىلىۋاتقان كۈرەشچىلىرىمىزنى، ئەركىنلىك جەڭچىلىرىمىزنى، بۇ دۆلەتكە كەلگەن ھېچكىمنىڭ خۇددى خىتاينىڭ باياناتچىسىدەك كاكىراپ تۇرۇپ « مىللى بۆلگۈنچى، تېرورچى » دەپ ئاتىشىغا ئەسلا يول قويمايمەن ھەم قوبۇل قىلالمايمەن . ئەگەر بۇ دۆلەتكە تۇققان يوقلاشقا كېلىشىدىكەنسەن، غەرپ دۆلەتلىرىدە ئۇيغۇر دەۋاسى قىلىۋاتقان كىشىلەرنىڭ غۇرۇرى ۋە ئار نومۇسى بىلەن ئويناشما ۋە چاخچاق قىلما. ئەگەر شۇنداق بولىدىكەن ، قانداق كېتىدىغانلىقىڭنىمۇ ئويلاپ قويۇش . ـ زالنى يەنە چاۋاك ۋە ئىسقىرتىشلار قاپلىدى ۋە ـ ياشىسۇن شەرقى تۈركىستان ، ياشىسۇن ئەزىز ئۇيغۇر خەلقىم . مېنىڭ سۆزۈم مۇشۇ يەردە تۈگىدى . ھەممىڭلارنىڭ كەلگەن قەدىمىڭلارغا كۆپ رەخمەت . ئۇ سۆزىنى تۈگۈتۈپلا زالدىن ئايرىلدى ۋە ماشىنىسىنى ھەيدەپ كېتىپ قالدى. ئۇزۇندىن بۇيان بۇ دۆلەتتە بۇنداق تەسىرلىك ۋە جاندىن ئۆتكىدەك نۇتۇق سۆزلەنمىگەن ئىدى. سېلىم بۇ نۇتۇقنى خۇددى ئامېرىكىدىكى قۇللارنى ئازات قىلغان ئابراھام لىنكولىندەك ، ياكى نېلسون ماندىلادەك ئىچىدىن قايناپ چىققان غەزەپ ۋە ئىشەنچ بىلەن باشلاپ، پۈتمەس غورۇر بىلەن ئاخىرلاشتۇرغان ئىدى . زال ئىچىدە غۇلغۇلا باشلىنىپ كەتتى. ئاياللارنىڭ ـ ۋىيەي ، ئۆلارمۇ خىتاينى نىمانچە ماختاپ كەتكەندۇـ دېگەن گەپلىرىمۇ ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

# 3ـ قىسىم

سېلىم چۈشىنىڭ تەقلىدى نامىزى چۈشۈرۈلۈش ئالدىدا تۇرماقتا ئىدى. بۇ دەل پىشىن نامىزىغا ئەزان ئوقۇلغان چاغ بولۇپ زال ئىچى ئەر ئايال ۋە باللار بىلەن لىق تولدى . ھەر كىم سېلىم ھەققىدە كۆز ـ قاراشلىرىنى، ئۇنى قاچان كۆرگەنلىكى ۋە نېملەر دېيىشكەنلىكى توغرىسا سۆزلەشمەكتە . بەزى ئاياللار ئۇنىڭ بۇ يىل چوڭ بىر بېنانىڭ سىرتىنى زىنەتلەيدىغان ئىشنى ئالغانلىقى ھەققىدە سۆزلىسە ، بەزىلىرى ئۇلار بىلەن تۈركىيەدە خوشنا تۇرغانلىقىنى ، بەزىلىرى ئەنگلىزچە مەكتەپتە بىللە ئوقۇغانلىقنى تىلغا ئېلىشاتتى . يەنە بەزى ئەرلەر بولسا ئۇنىڭ بىلەن ئامېرىكىغا يۈك ماشىنىسى ھەيدىگەن چاغدا بېشىدىن ئۆتكەن كۈلكىلىك ۋەقەلەرنى سۆزلىشىپ ، خىرىلداپ كۈلۈشمەكتە ئىدى . ـ ھەي ي ي .... چوڭلار زەپمۇ ـ زەپ ئۆلگەنگە زەپ ـ دەيدىغان . ھاياتلارنىڭ ھاياتى يەنە داۋام قىلماقتا ـ دەپ ئويلىدى سېلىم چۈشىن.

زال ئىچى بارغانچە تېخىمۇ كۆپ ئادەملەر بىلەن قايناپ تاشماقتا ئىدى. سېلىم زالنى بېزەش ئۈچۈن قويۇلغان چوڭ يوپۇر ماقلىق تازىمۇ ئېگىز دەرەختەك بىر گۈلنىڭ يوپۇرمىقىغا قونۇپلىپ ، خۇددى ئاق سارايىنىڭ ئۆگزىسىدىكى قاراۋۇلدەك ، ئۆز نەزىرىسى ۋە تەقلىدى دەپنە مۇراسىمغا كەلگەن ئۇيغۇرلارنى كۈزەتمەكتە ئىدى . ـ ھەي ، ئادەملەر نەقەدەر ئاجىز ھە ـ دەيتتى ئۆكۈنۈپ . يەنە بەزىدە ئۆزى ھەققىدە ئادەملەر قىلىشۋاتقان بەس ـ مۇنازىرىلەرنى ئاڭلاپ ، مېيىقىدا كۈلۈپمۇ قوياتتى ۋە : توۋا ، ئادەملەر ئاجايىپ گەپلەرنى قىلىدىكەن ھە ! مەنمۇ ئادەم بولۇپ ياشاپ يۈرۈپتىمەنكەن ـ دەپ ئويلايتتى ئەجەپلەنگەن ھالدا ئادەملەرگە قاراپ . ئۇنىڭ دەپنە مۇراسىمى ۋە نەزىرىسگە باشقا دەۋلەتلەردىنمۇ كۆپلىگەن دوستلىرى كېلىپ قاتناشتى.

ئېگىز گۈل يوپۇرمىقى ئۈستىگە قونىۋالغا سېلىم چۈشىنىڭ كۆزى زال ئىشىكىدىن كىرىپ كېلىۋاتقان قەدىناسلىرىغا چۈشتى . ئۇلار تاھىر قارىم، دىلشات ، تەلئەت ۋە سېلىم چۈشىنىڭ ئوتتۇرا مەكتەپتىكى قىز ساۋاقدېشى پاتىمە ئىدى . ئۇلار قەدىناس ئاغىنىسىنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى ئاڭلاپ ، يىرىم كېچىدە ئامېرىكىدىن يولغا چىقىپ ئۇنىڭ جىنازە نامىزىغا يېتىپ كېلىشكەن ئىدى . تاھىر قارىم ،دىلشات ۋە تەلئەتلەر قەدىناس ئاغىنىسىنىڭ بۇ تۇيۇقسىز ئۆلۈمىگە ھازا تۇتۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرى بويىچە باشلىرىغا بادام دوپپا ۋە بەللىرىگە ئاق باغلاپ كېلىشكەن ئىدى . مۇسىبەت يىغىسىدىن بۇ ئۈچ قەدىناسنىڭ كۆزلىرى قىزارغان بولۇپ ، ئۇلار زال ئىچىدىكى ھەر بىر ئۇيغۇر بىلەن ئەلھۆكمۇلىللا ـئەلھۆكمۇلىللا ـ دېگەنچە قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ چىقتى . زال ئىچىمۇ بىر ئاز تېنجىغان ئىدى . بۇلارنى كۆرۈپ سېلىم چۈشىنىڭ يۈرىكى ئىختىيارسىز تىپىرلاپ كەتتى. چۈنكى ئۇ ، مۇشۇ ئۈچ نەپەر ئاغىنىسى بىلەن غۇلجىنىڭ بۇك ـ باراقسان مەھەللىلىرىدە، مەكتەپلەردە ، شەرقى تۈركىستان ئۇنىۋېرستېتىدا بىرگە ئوقىغان . شۇنداقلا ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ـ باراخۇلكا، تۈر بازارلىرىدا، ئاۋغانىستاننىڭ تورا ـ بورا تاغلىرىدا قايسى قىسمەتلەرگە ئورتاق بولمىدى دەيسىز . ئۇلارنىڭ ئەڭ ئېسىدىن چىقمايدىغىنى ئالى مەكتەپتە بىرنىڭ تاماق بېلىتى تۈگەپ كەتسە، ئىككى كىشلىك تاماق ئېلىپ ئۈچى بىرلىشىپ يىگەن چاغلار ئىدى . ئۇلارنىڭ قەدىناسلىقىغا باللىق ، ياشلىق خوشاللىقلىرى، ھاياتنىڭ ئەگرى توقايلىقلىرى، قېچىشلار، تەشۋىشلەر، خاتىرجەمسىزلىكلەر تامغىسىنى ئۇرغان ئىدى.

كۆرۈشۈش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن دىلشات قويىندىن يوغان بىر ئاي يۇلتۇزلۇق ، ھاۋا رەڭ بايراقنى چىقىرىپ، سېلىمنىڭ تاۋۇتى ئۈستىگە يېپىپ قويدى . بايراق تاۋۇت ئۈستىگە يېپىلىشى بىلەن تەڭ زال ئىچىنى يەنە غۇل غۇلا قاپلاشقا باشلىدى . سېلىمنىڭ قۇلىقىغا بىرىنجى بولۇپ كىمدۇر بىرىنىڭ : ئۆلۈمگىمۇ بايراق ئارلاشتۇرىۋالغىلى تۇردىغۇ بۇلار، ئۇنداق دېگەن بىلەن بىزگە ئوخشاش ۋەتەنگە بېرىپ كېلىدىغانلارنى ئويلىسا بولىدۇ ـ دە بۇلار، بايراق ئاسمايمۇ، خىتاينى تىللىمايمۇ خېلى ئىشلارنى قىلغىلى بولىدۇغۇ ئاغىنىلەر ـ دېگەن نارازىلىق سۆزى كىرىپ قالدى . بۇ دۆلەتتە تۇرىۋاتقان دىنى زات سەلەي قارىم سېلىمنىڭ جىنازە نامىزىنى چۈشۈرۈشكە جامائەتنى سەپتە تۇرۇشقا دەۋەت قىلدى. دەل شۇ چاغدا تاھىر قارىم سەلەي قارىمنىڭ يېنىغا كېلىپ ئەگەر ئىجازەت بەرسە، قەدىناس ئاغىنىسى سېلىمنىڭ جىنازە نامىزىنى ئۆزىنىڭ چۈشۈرۈش ئارزۇسى بارلىقىنى بىلدۈردى . سەلەي قارىم ئىجازەت بەردى. تاھىر قارىم كۆپچىلىككە قاراپ سۆزلەشكە باشلىدى:

ـ ئەزىز ۋەتەنداشلار، ھازىر بىز قىسقىغىنا قىرىق سەككىز يىللىق ھاياتىنى ۋەتەن، ۋەتەن ـ دەپ ياشىغان ، ۋەتەنىنىڭ ئوتىدا كۆيۈپ ، سۆيىدە ئاققان جان جىگەر ئاغىنەم سېلىمنى تەقلىدى بىر جىنازە نامىزى بىلەن ئاخىرەت يولچىلىقىغا ئۇزۇتۇپ قويۇش ئالدىدا تۇرىۋاتىمىز. ئەڭ مۇھىمى بىر ئۆمۈر ئۆز ۋىجدانى ، غۇرۇرى بىلەن پاك ياشاپ ، ھەق ـ ئادالەت ئۈچۈن كۈرەش

قىلىپ ، نامايىشنىڭ ئالدىدا مېڭىپ، ئاي يۇلتۇزلۇق ھاۋارەڭ بايراقنى كۆكرىكىگە تېڭىپ، ئۇيغۇرنى ۋە ئۇيغۇر دەۋاسىنى شىمالى ئامېرىكا قىتئەسىدە تونۇشتۇرۇش ئۇچۇن كۆرەش قىلغان قەدىناس ئاغىنەم سېلىمنىڭ تەقلىدى جىنازە نامىزىنى چۈشۈرۈش ماڭا نېسىپ بولغانلىقى ئۇچۇن ئۆزەمنى ئىنتايىن بەختىيار ھېس قىلماقتىمەن . تاھىر قارىمنىڭ سۆزى باشلىنىشى بىلەن تەڭ، زال ئىچى ئىمتاسلىققا چۆمدى . ـ ئاللا ھەر زامان بىزنى ھەق سۆزلىگەنلەرنىڭ، ھەق ـ ئادالەت ئۇچۇن كۈرەش قىلغانلارنىڭ يېنىدا تۇرۇشقا نېسىپ قىلسۇن . زال ئىچىدىن ـ ئامىن ، ئامىن ـ دېگەن سادالار كۆتۈرۈلدى. ـ ئاللا بىزنى ھەق ـ ناھەق مەسىلىسىدە سۈكۈت قىلغۇچىلاردىن ئەمەس، چۇقان سالغۇچىلاردىن قىلسۇن. ئاللا بىزنى ئۆز بايرىقىغا ، ئۆز دەۋاسىغا، ئۆز خەلقىگە، ئۆز ۋەتىنىنىڭ تۇپراقلىرىغا ساھىپ چىقىدىغان ئەۋلاتلاردىن قىلسۇن .ئاللا بىزنى سېلىمدەك ئەزىمەتلىرىمىزدىن، سېلىمدەك ۋەتەن ! ۋەتەن ـ دەپ تۇغۇلۇپ ، ۋەتەن ! ۋەتەن ـ دەپ ئۆلىدىغان ۋەتەن ئوغلانلىرىدىن ئايرىمىسۇن ! خىتاي تۈرمىلىرىدە يېتىۋاتقان قانچە مىڭلىغان سېلىملەرگە سەبىر تاقەت، چىدام غەيرەت ئاتا قىلسۇن ! خىتاي زۇلمىغا قارشى پىچاق كۆتۈرۈپ چىققان ۋە شېھىت بولغان ئەزىمەتلىرىمىزنىڭ ياتقان جايىنى جەننەتتە قىلسۇن !.... ئامىن، ئامىن ـ دېگەن سادالار زال ئىچىنى لەرزىگە سالماقتا ئىدى . تاھىر قارىم قىسقا نۇتقىدىن كېيىن جىنازە نامىزىنى چۈشۈرۈشكە باشلىدى . ناماز چۈشۈرۈلۈپ ، ھاللىق تىلەشكەندىن كېيىن ئۇ يەنە سېلىمنىڭ يوقۇرى سۈرئەتلىك تاشيولدىن چۈشۈپ كەتكەن يىل ، ئاي ، كۈن ساەتلەرنىڭمۇ، تەنتەنىمىن مەيدانىدا يۈز بەرگەن پارتىلاش ۋەقەسى بىلەن تامامەن ئوخشاش ئىكەنلىكىنى ئۇختۇردى . بۇنىڭ بىلەن تەڭ زال ئىچىدە يەنە غۇل غۇلا كۆتۈرىلىشكە باشلىدى . ـ قېرىنداشلار تېنىچلىنايلى ! ـ زال ئىچىدە ئەخمەت ئۇۋچىنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىشقا باشلىدى ـ قېرىنداشلار ! ئۇيغۇر جامائىتى مەسلىھەتلىشىپ، سېلىمنىڭ تەقلىدى جىنازىسىنى جەنۇبى مۇسۇلمانلار قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلىشنى مۇۋاپىق كۆردۇق . قولۇمدىكى بۇ قەغەزدە زاراتكالىقنىڭ ئادرىسى بار . ھەممەڭلارغا تارقىتىپ بېرەي ـ دېگىنىچە، كۆپچىلىككە ئادرىس تارقىتىشقا باشلىدى.

ھەي ئادەملەر ۋەتەن دېگەن نىمە؟ـ ۋەتەن دېگەن ھېيتگاھ جامەسىدىن چىققان ئەزان ئاۋازى، ھېيتگاھ مەيدانىدا ساماغا چۈشكەن خەلق ، پۈتۈن تارىخىمنى ، سىرلىرىمنى قۇچاقلاپ ياتقان كرورەن گۈزەلى، ئوتقاشتەك چاقناپ تۇرغان خوتەننىڭ زىلچە گىلەم ، ئەتلەسلىرى، ئۆلمەس ناخشىلىرىم ، مۇقاملىرىم ، ئىلى ۋادىسىنىڭ يۈرەكنى ياشارتىدىغان ئابى ھايات زەمزەملىرىدەك چاخچاق سورۇنلىرى، كالا ـ موزايلارنىڭ مۆرەشلىرى، ئاتلارنىڭ كىشنەشلىرى، زىمىستان قىشتا قارلىق يوللاردىن چىقىۋاتقان غىچىرلىغان سادالار ، بېشىمغا ياراشقان دوپپىلىرىم ، قىزلىرىمغا ياراشقان ئۆرۈمە چاچلىرىم ، ئېپپىتىم ، غۇرۇرۇم ، ئادەملىكىم بىخ سۈرگەن جاي ، مىللەتنىڭ ئۆيى، سەن بۇ ئۆيدە ئۆزەڭ خالىغانچە يايلايسەن، ئىگىدارچىلىق ۋە خوجايىنلىق ئېپتىخارىڭ ئاشىدۇ. يۇلغۇن قىزارغان داللار، شېھىتلەر ھەققىدە ئېيتىلغان چۆچەكلەر، تاراسلىتىپ ئۇرىلىۋاتقان لەڭمەن پىلتىلىرى، بورنۇڭغا گۈپپىدە ئۇرۇلغان ئاچچىق قورۇلغان پىدىگەن- كۆك مۇچ قورۇمىسىنىڭ مىزىلىك ھىدى، تونۇر بېشىدا ـ ئىسسىق نان يەڭ ـ دەپ ، سونۇلغان ئىللىق قوللار، قاپاق چۆمۈچلەر بىلەن، يوغان- يوغان قۇچاق يەتكۈسىز كورىلاردىكى چاينى : ۋايجان ـ دېگۈزگىدەك سورۇپ ، يەنە سورۇپ ئېتىلگەن قايماقلىق ئەتكەن چاي ، ئانا تىلىم ئۆزەمنىڭ تىلىم، ئانامنىڭ تىلى، تونۇردىن يېڭى چىققان پاقىراپ تۇرغان گىردىلەر، شىرمەن نانلار، خامانلار، يايلاقلار، يىگىتلەرنىڭ قىز چاقىرىپ ئىسقىرتىشلىرى، ياش كېلىنىنىڭ غۇلاچ تاشلاپ قورۇ سۈپۈرۈشلىرى ، قەيەرلەرگىچە پۇرىقى تاراپ كېتىدىغان نەزىرە، توي ـ تۆكۈن پولۇلىرى، دۇتتار ، تەمبۇر، ناغرا ـ سۇناي سادالىرى مانا بۇ ۋەتەن ! سەن بۇ ۋەتەننى باشقا جايدىن تاپالمايسەن. جان ۋەتەن ـ دېگەن بۇ سۆزنىڭ مەنىسى جان بىلەن تەننىڭ بىرىكمىسى- دېگەندىن ئىبارەتتۇر. ئۇ بەزىدە جېنىڭ بىلەن تېنىڭنىڭ كاپالىتى . ۋەتىنىڭ بولمىسا جېنىڭ ۋە تېنىڭ بولمىغان قۇرۇق موردا سەن ـ دېگەن مەنانى بەرسە ، بەزىدە جان بىلەن تەننى قۇربان قىلماي ۋەتەنگە ئېرىشكىلى بولماس ـ دېگەن مەنالارنىمۇ بېرىدۇ. ھەي ئادەملەر ! ۋەتەن ـ دېگەن نېمە؟

سېلىم چۈشىن ئادەملەردىن پىنھان ھالەتتە ھېلىقى گۈل يوپۇرمىقىنىڭ ئۈستىگە قونىۋېلىپ، ۋەتەن ھەققىدىكى خىياللىرىنى داۋام ئەتتۈرمەكتە : ۋەتەن ـ دېگەن ئۆز ـ ئارا گېرە سېلىشىپ سوزۇلۇپ ياتقان مەھەللىلەر. بۈيۈك تۈركىستان جۇغراپىيەسىدە سوزۇلۇپ ياتقان تارىخىڭ . بۇ كەڭرى كەتكەن بوز قىرلارغا كىملەر كېلىپ كىملەر كەتمىدى . كىملەر خانلىقلار قۇرۇپ ئات چاپتۇرۇپ، قامچىلىرىنى ئويناتمىدى . ۋەتەن كەلمىسىنىڭ ھەقىقى قىممىتىنى ئىككى نەرسە خۇددى ياقۇتتەك جۇلالاندۇرىدۇ . بىرى مۇستەملىكچىلەرنىڭ مۇستەملىكىسى. يەنە بىرى چەتئەل . چەتئەلدە ۋەتەنسىز يۈرگەن كۈنلىرىڭدە، ۋەتەندىكى پاقىلارنىڭ كۇكىراشلىرىدىن تارتىپ ، چېكەتكىلەرنىڭ چىرىلداشلىرىغىچە سېغىنىسەن. ۋەتەن ـ دەپ، مۇشتۇملىرىڭنى تۈرگەن چاغلىرىڭدا، كىشىلىك ھوقۇق ، دېموكراتىيە، ۋاھا ـ كازا دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى قۇرۇق ئېمىزگە

ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىسەن . ئۇلارنىڭ ھەممىسى كۆز ئالدىڭدا قۇرۇق زەر يالىتىلغان يالىتىراق بولۇپ نامايەن بولىدۇ. ۋەتەن - دەپ ، ھەر مۇشتۇمۇڭنى تۈرگەندە، لەۋلىرىڭنى قاتتىق چىشلىگەندە ۋەتەن سۆيگۈڭ يەنە بىر قېتىم تاۋلىنىدۇ . چەتئەللەردە ھەر بىر قېتىم ئۇرۇلۇپ، سوقۇلغاندا، ئاھ ۋەتەن- دەپ ھەر قېتىم ئورنۇڭدىن دەس تۇرغاندا ۋەتەن ئىشقىدا يەنە بىر قېتىم پىشىپ تاۋلىنىسەن . خۇددى ئېگىز تاغ ئۈستىدىكى قارىغاي بوران چاپقۇننى قانچە كۆپ كۆرگەنسىرى شۇنچە مۇستەھكەم ياغاچ بولۇپ تىك تۇرغىنىدەك . ۋەتەن - سەن تۇغۇلۇپ ياشىغان جاي . گېزى كەلگەندە جېنىڭنىمۇ بېرىدىغان قىممەتلىك نەرسەڭ . ۋەتەن سۆيگۈسى ئىماندىن . ۋەتەن سۆيگۈسىنى، ۋەتەننىڭ قەدىر قىممىتىنى، ۋەتەننىڭ ھەسرىتىنى ۋەتەندىن كەتكەنلەر تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلىدۇ.

سېلىمنىڭ نامىزى چۈشۈرۈلۈپ بولغاندىن كېيىن، جىنازىنى كۆتۈرۈپ مېڭىشقا توغرا كەلدى . زال ئىچىدە يەنە گۈرۈپ گۈرۈپلارغا بۆلۈنۈپ كۈس- كۈس پاراڭلار ئەۋج ئېلىشقا باشلىدى . سەلەي قارىم كۆپچىلىككە قاراپ - ھە، نېمە بولدى كۆپچىلىك؟- دېدى ، بىر ئاز تېرىكىپ . مەلۇم بولدىكى، ئىنتايىن ئاز ساندىكى كىشىلەرنى ھېساپقا ئالمىغاندا كۆپچىلىنىڭ ھەممىسى دېگىدەك تاۋۇت ئۈستىگە يېپىلغان ئاي - يۇلتۇزلۇق كۆك بايراقتىن قورقۇۋېتىپتىمىش . ئەڭگىلىزلەردە بىر گەپ بار - بىگ بروتھەر ۋاتچىڭ يوۇ - دەيدىغان . بۇ - ئاكاڭ قارىغاي سېنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتىدۇ - دېگەنلىكتۇر. چەتئەللەردە ياشاۋاتقان كۆپلىگەن زىيالىلار قانداقتۇر بىر ئاكاڭ قارىغاينىڭ سايىسى ئاستىدا ياشايدۇ. ئۇلار نەگىلا بارسا ئەنە شۇ ئاكاڭ قارىغاينىڭ سايىسى ئۇلارغا ئەگىشىپ مېڭىپ، ئۇلارنىڭ روھى دۇنياسىدا قورقۇنۇچ ۋە ۋەھىمە پەيدا قىلىپ كەلمەكتە . بۇ سەۋەپتىن ئۇلار گەرچە ئەركىن بىر دېموكراتىك دۆلەتتە ياشاۋاتسىمۇ ئەمما ھەر قاچان ئۇلارنىڭ روھىيىتى مەلۇم بىر سايىنىڭ ئىسكەنجىسى ئىچىدە قالغان بولىدۇ. گەرچە ئۇلار تەرەققى قىلغان بۇ غەرپ دۆلەتلىرىدىكى داڭلىق ئۇنىۋېرسىتېتلاردا بىلىم ئېلىپ ، ئاكادېمىك بولۇپ ياشاۋاتقان بولسىمۇ، ناھايىتى دەپدەبىلىك دىپلوملارنى ئالغان بولسىمۇ يەنىلا ئاشۇ - بىگ بروتھەرنىڭ سايىسىدىن قېچىپ قۇتىلالمىغانلىقى ئۈچۈن ، ئۇلارنىڭ روھىيەت دۇنياسى يەنىلا باشلانغۇچنىڭ بىرىنجى سىنىپىدا تۇرماقتا ئىدى . شۇنداق بىر ھېكمەتلىك سۆز باركى -گۈرۈچنىڭ ئىچىدىكى قارا تاشتىن قورقما بەلكى ئاق تاشتىن قورق- دەيدىغان . ئەگەر گۈرۈچ ئىچىدە قارا تاشنى كۆرسەڭ مەيدانىڭ ئېنىق ھالدا تېرىپ تاشلىۋېتىسەن . ئەمما ساڭا ئەسلى زەرەر بېرىدىغىنى ، چىشىڭنى سۇندۇرىدىغىنى ئاق تاش . ماھىيەتتە سېلىمنىڭ ئادەملىكتىن جاق تويۇپ چۈنىغا ئايلىنىپ قېلىشىغا سەۋەپ بولغان مانا مۇشۇ گۈرۈچ ئىچىدىكى ئاق تاشلاردۇر. بۇ ئاق تاشلار بۇغداي باشاقلىرى شامالدا لىڭشىسا، يىلان كەلگەن ئوخشايدۇ- دەپ ، قورقۇپ كېتىدۇ. بۇ ئاق تاشلار نە پولۇنى پولۇ قىلمايدۇ . نە ئادەمگە ھوزۇر - ھالاۋەت بەرمەيدۇ . نە جامائەت بولۇپ تەسىر كۆرستەلمەيدۇ . بىرنېمە دەي ، ئۇرۇشاي دېسەڭ ئاق تاش بولسىمۇ يەنىلا ئۆزەڭنىڭ ئاق تېشى، سېنىڭ ھەقىقى دۈشمىنىڭ ختاي.

تاۋۇت ئۈستىگە شەرقى تۈركىستاننىڭ ئاي- يۇلتۇزلۇق كۆك بايرىقىنىڭ يېپىلىشى بىلەن قوزغالغان بۇ مۇنازىرىلەرنى تاماشا قىلىپ، خىلۋەتتە ئادەملەرنى كۈزىتىۋاتقان سېلىم چۈشىنىڭ خجالەت ۋە غەزەپتىن قاناتلىرى تىككىدە كۆتۈرلۈپ، كۆزلىرى چاقناپ كەتتى . ئەي پەرۋەردىگار، بۇ دۇنيادا قۇرقۇنچاق قەۋمنىڭ قورقۇنچاق ئەركىگى بولۇپ ياشىغاندىن مېنىڭدەك چۈشىن بولۇپ ياشىغان تېخىمۇ ئەۋزەل!

شۇنداق قىلىپ تاۋۇت ئۈستىگە ئاي - يۇلتۇزلۇق كۆك بايراقنى يېپىش ياكى ياپماسلىق مەسىلىسى بىرەر سائەتكە يېقىن غۇل غۇلا قىلىندى . نۇرغۇنلىغان كۈچ ۋە ۋاقت ئىسراپچىلىقىدىن كېيىن ئاخىرى تاۋۇتنى بايراق بىلەن بىللە زاراتكالىققا ئېلىپ بېرىش قارارىغا كېلىشتى.

# 4ـ قىسىم

سېلىم ئىنتايىن چارچىغان ئىدى . ئۇنى چارچاتقان ئالەمشۇمۇل نەرسىلەر ۋە ياكى خەلقئارالىق چوڭ سورۇنلاردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ مەسىلىسىگە ئائىت ، مۇرەككەپ مۇنازىرىلەر ئەمەس، بەلكى ئادەملەر مىللەت بولۇش سۈپىتىدە بىلىشكە تېگىشلىق بولغان ئاددى چۈشەنچىلەرنىڭ ، يەنى بايراق ، نامايىش، تەشكىلاتچىلىق ۋە جامائەتچىلىك ـ قاتارلىق مەسىلىلەرنىڭ رەت قىلىنىشى، شەخسىيەتچىلىك، پىتنە ـ پاسات ، نەچچە مىڭ كىلومېتىر ئۇزاقلىقتىكى قانداقتۇر بىر« ئاكاڭ قارىغاي » دىن قورقۇش پىسخىكىسى ئىدى . چەتئەللەردە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار ، بولۇپمۇ ئۇيغۇر زىيالىلىرى ئۆز ـ ئۆزىنى تولۇق ھالەتتە قانداقتۇر بىر غايىۋى روھى ئىسكەنجىدىن تولۇق قۇتۇلدۇرۇپ بولالمىغان ئىدى . ئۇلاردا روھ بىلەن سەۋىيەنىڭ يۇقۇرى كۆتۈرۈلىشى تەتۈر تاناسىپ بولۇپ ، بىلىم قۇرۇلما ئۆرلىگەنسىرى روھى دۇنياسىدىكى ۋەتەن مىللەت ئۇقۇمى خۇنىكلىشىپ ، ئۆز مەنپەئەتى ۋە خوشاللىقلىرى ئۈچۈن ياشاش ھۆكۈم سۈرمەكتە ئىدى . نۇرغۇنلىغان ئۇيغۇر زىيالىلىرى گەرچە ئۆزلىرى غەرپتىكى يوقۇرى مەرتىۋىلىك ئورۇنلاردا خىزمەت قىلىۋاتقان بولسىمۇ ئەمما ئۇلار يەنىلا خىتاي كومۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكى ئاستىدا ياشاپ كەلمەكتە ئىدى . ئۇنىڭ چارچىشىدىكى ئەڭ مۇھىم مەسىلىلەرنىڭ بىرى ئادەملەرنىڭ بايراق ئۇقۇمى ۋە بايراققا بولغان ھۆرمەت ساداقەتنىڭ يوق بولۇشى، بايراقنى رەت قىلىشى . ھەر قەدەمدە ئۇچراپ تۇرىۋاتقان ماۋۇ بايراقنى ئاسمىغان بولسا، بۇ بايراقنىڭ شولىسى مېنىڭ بېشىمغا چۈشمىگەن بولسا ـ دېگەندەك باراقنى سىلكىيدىغان سۆز ئىبارىلەر ئىدى.

ئەي ئادەملەر! ـ سېلىم ئۆزىنىڭ ئادەملىكى ئۈچۈن ئادەملەر تەرىپىدىن ياسالغان تەقلىدى جىنازىنىڭ ئارقىسىدىن ئادەملەرگە كۆرۈنمەي، چۈشىن سىياقىدا كېتىۋېتىپ شۇنداق خىتاپ قىلدى : بايراق ئادەتتىكى بىر لاتىنىڭ پارچىسى ئەمەس، بىر بايراققا ساھىپ بولماقمۇ قولاي ئەمەس . شۇنداق ، بايراقنىڭ بىر پارچە كېرەكسىز لاتىغا ئوخشاپ قالىدىغان چاغلىرىمۇ بار . يەنى بىر مىللەت ئۆز بايرىقىنى كۆتۈرۈپ ماڭالمىغاندا، بايرىقنى ئاسماندا لەپىلدىتەلمىگەندە ئۇ بىر پارچە لاتا بولۇپ قالىدۇ! ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز قانچە يىللار مۇقەددەم ئۇرۇشلاردا بايراق قوللانغان . ئەگەر بىلگەن ئادەم ۋە بىلگەن مىللەت ئۈچۈن بايراق ـ خوشاللىق ۋە ئىپتىخاردۇر. بايراق كۆكسىمىزگە تېڭىشقا، كۆك ئاسماندا غۇرۇر بىلەن لەپىلدىتىشكە تېگىشلىك نەرسىدۇر ئەسلىدە . يەنە بىلگەن ئادەم ئۈچۈن بايراق ۋەتەن ۋە مىللەت سۆيگۈمىزنى پۈتۈنلەشتۈرىدىغان، ئىتتىپاقلاشتۇرىدىغان نەرسە ئىدى . تىبەتلەر ۋە باشقا مىللەتلەر ئەگەر ئىگىز بىر تاغ ئۈستىگە بىر بايراق، بىر تۇغ قادالغان بولسا ھەممە ئۆيلىرىدىن چىقىپ، ئەشۇ ئوخشاش نىشانغا قاراپ مېڭىپ، ئەشۇ بىر تۇغ، بىر بايراق ئاستىغا ھېچقانداق بۆيرۇقسىز توپلىنالايدۇ ! ـ ئۇ خىتاپ قىلىپ شۇ يەرگە كەلگەندە، كىچىككىنە چۈشىن بەدىنىنىڭ تىكەنلىشىپ ۋە قورۇلۇپ ، قاتتىق بئارام بولۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى ـ يۇ، يەنە خىيالغا پاتتى ـ ھەي ...... ئۇيغۇرلارنىڭ ئىشلىرى ۋە مەسىلىرىنىڭ ھەل بولىدىغىنىغا بەك ئۇزاق ۋاقت بار. چۈنكى بىز تېخىچە بايراق مەسىلىسىنى بىر تەرەپ قىلالمايۋاتىمىز. خۇلاسە چىقارغىندا بىر مىللەتنىڭ غۇرۇرى ، ئىپتىخارى ۋە ئار نومۇسىغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەردە ئىنتايىن ئىپتىدائى ۋە كۆلكىلىك ۋەزىيەتتە تۇرىۋاتىمىز. بۇنى ئوخشۇتۇشقا توغرا كەلسە ئەينى چاغدا تۈركلەر يورۇش قىلىپ، ياۋرۇپالىقلارنىڭ دەرۋازىسىنى چەككەندىمۇ ، ياۋرۇپالىقلارنىڭ : پەرىشتە ئەرمۇ ئايالمۇ ـ دېگەندەك تۈترىقسىز مۇنازىرىلەرنى قىلىپ، بېخوت ھالەتتە ئۇخلاپ ياتقانلىقىغا ئوخشاپ كېتىدۇ. ئەسلى بىزنى پۈتۈنلاشتۇرىدىغان ، بىزنى غەۋغا ، ئورۇنسىز مۇنازىرىلەردىن ئۇزاقتا تۇتىدىغان ، مىللەتنى قۇتۇلدۇرۇشنىڭ ھەقىقى يوللىرىنى ئويلاندۇرىدىغان نەرسە بايراق ئىدى . تۇپراققا ۋە مىللەتكە چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن باغلايدىغان نەرسىمۇ ئەنە شۇ بايراق ئىدى . بايراققا سۆيگۈ ۋە ھۆرمەت بىلەن قارىمىغان، ئۇنى سىلكىشتۈرگەن، ئۇنى كۆرگەندە ۋۇجۇدىغا تىترەك ۋە قورقۇنۇچ كىرىدىغانلار، يولىدىن ئېزىپ قالغان بىر كېمىنىڭ كاپىتانىغا ئوخشايدۇ. ئۇلار شۇنداق ئېزىپ قالىدۇكى ھەتتا ئالىم بولۇپ خىتايغا بارسىمۇ ، خىتاي ئۆزىدىكى ئالىملىرىنىڭ جىقلىقىدىن ئۇلارنى كۆزگە ئىلىپمۇ قويمايدۇ . ئۇ سەۋەپ، بۇ سەۋەپ بىلەن تاشلىنىدىغان يېرى ئاخىردا تۈرمە بولىدۇ.

سېلىم چۈشەن خىيال سۈرۈپ شۇ يەرلەرگە كەلگەندە بىر تۈرك شائىرىنىڭ : بايرىقىمغا سالام قىلماي ئۆتكەن ئۈچار قۇشنىڭ ئۇۋىسىنى بۇزىمەن ـ دېگەن مىسرالىرى كۆڭۈل ئېكرانىدىن غىل- پال ئۆتۈپ كەتتى . بايراق دۆلەت ۋە مىللەتلەرگە ۋەكىللىك قىلىدۇ . رەڭ ۋە شەكلى جەھەتتىن شۇ مىللەتنىڭ سىمۋولى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. بايراق بىر دۆلەت ۋە مىللەتنىڭ مۇستەققىل ھۆرلىكىگە، بىر مىللەتنىڭ شان ـ شەرىپى ، غۇرۇرى ، ئىپپەت ـ نومۇسىغا ۋە شۇ مىللەتنىڭ تارىخى كەچمىشىگە ۋەكىللىك قىلغانلىقى ئۈچۈن بايراققا ھۆرمەت بىلدۈرۈلىدۇ. دۇنيادىكى مىللەتلەر دىن ، ئىرىق ، مەدىنيەت ۋە تىل جەھەتتىن ئوخشاشمىسىمۇ ئەمما ئۆز بايرىقىنىڭ مۇقەددەسلىكىگە بولغان چۈشەنچىسى جەھەتتىن تامامەن ئوخشايدۇ . ئادەتتە ۋەتەن ، مىللەت ۋە بايراق ئۇقۇمى ئۆز ـ ئارا خۇددى تەن بىلەن جاندەك يۇغۇرلۇپ كەتكەن بولۇپ، ۋەتەنسىز بايراقنى، بايراقسىز نە ۋەتەن، نە مىللەتنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ. شۇڭا تۈرك مىللەتچىلىرىدىن كۈنتاي : « بايراقلارنى بايراق قىلغان ئۈستىدىكى قاندۇر . ئەگەر تۇپراق ئۈچۈن ئۆلگەنلەر بولسا ئۇ ۋەتەندۇر» ـ دەپ يازغان . بايراقنىڭ قىممىتى ئۇنىڭ ئىپەكتىن ياكى ماتادىن ياسالغانلىقى بىلەن ئەمەس، بەلكى شۇ بايراقنىڭ ھەقلىق ئىگىلىرى بولغان مىللەتنىڭ قەدىر قىممىتى بىلەن ئۆلچىنىپ كەلمەكتە.

سېلىم چۈشەن مۇقەددەس ئاي يۇلتۇزلۇق كۆك بايراق ھەققىدە يەنە مۇنداق تەپەككۇر قىلاتتى : بايراقنى ئەڭ دەسلەپ يەھۇدىلار ۋە ئىرانلىقلار قوللانغان ئىكەن . تۈرك تارىخى ماتېرىياللىرىدىن مەلۇم بولۇشچە، ئۇيغۇرلارمۇ بۇندىن قانچە مىڭ يىللار ئىلگىرى ئۇرۇشلاردا بايراق كۆتۈرۈپ ماڭغان مىللەت ئىدى . قارخانىلار سۇلالىسىنىڭمۇ ئۆزلىرىنىڭ توققۇز ئوغۇزغىدىن كېلىپ چىققانلىقىنى بىلدۈرىدىغان ئۈستىگە توققۇز تۇغنىڭ رەسمى چۈشۈرۈلگەن قىزىل بايراق ئىشلەتكەنلىكى مەلۇم . ئۇندىن باشقا بايراق يەنە تۈركى تىللار دىۋانىدا « باتراك » تەلەپپۇزىدا قوللۇنۇلۇپ، بىر قەۋمنىڭ، ۋە بىر تۇپراقنىڭ سىمۋۇلى ـ دەپ چۈشەندۈرۈلگەن. تۈركلەر تارىختا بايراق ئۈچۈن ئەڭ كۆپ شېھىت بولغان مىللەتلەرنىڭ بىرى . كىشىلىك مۇناسىۋەتلەردە « ئامان » بولۇڭ ـ كەلىمىسى قوللانغاندا ئۇلار قايتۇرۇپ- ۋەتەن ئامان بولسۇن ـ دەپ ، جاۋاپ بېرىشنى مىللەت ئارىسىدا ئومۇملاشتۇرغان. تۈرك شائىرلىرىمۇ بايراق ھەققىدە ئىنتايىن نادىر شېئىرلارنى يازغان بولۇپ، تۈرك شائىرى ئارىف نىجات ئاسا بايراق ناملىق شېئىرىدا: « بايرىقىمغا مېنىڭ كۆزۈم بىلەن باقمىغانىنىڭ گۆرىنى قازىمەن، بايرىقىمغا سالام بەرمەي ئۆتكەن ئۈچار قۇشنىڭ ئۇۋىسىنى بۇزىمەن» دېيىش ئارقىلىق ئۆز بايرىقىغا بولغان سۆيگۈ ۋە مەسئۇلىيىتىنى ئىپادىلىگەن . سېلىمنىڭ چۈشەن بولۇش سۈپىتى بىلەن كۆرۈش سېزىمى ئادەملەرنىڭكىدىن نەچچە ھەسسە كۈچلىنىپ كەتكەن ئىدى . ئۇ ھەر نەرسىنى ، ھەتتا ئارقا تەرەپلىرىنىمۇ ئىنتايىن ئېنىق كۆرەلەيتتى . شۇ ۋەجىدىن ئۇ ئۆزىنىڭ تەقلىدى جىنازە نامىزىدا نېمىلەرنىڭ بولىۋاتقانلىقىنى ئېنىق كۆرۈپ تۇرىۋاتاتتى. ئۇ ئۆز مۇراسىمىغا قاتنىشىۋاتقان بىرقانچە كىشىلەرنىڭ توختىماي نەگىدۇر بىر يەرلەرگە ئۇچۇر يوللاۋاتقانلىقىنى سېزىپ قالدى. بۇلارنىڭ بىرى ۋاققاس ئىسىملىك تاقىر باش ئىدى . ئۇ زالغا ئەتتىگەن سائەت يەتتىدە كەلگەن بولۇپ ، قولىدىن تېلېفون چۈشمىدى . سېلىم ئاستا ئۇچۇپ بېرىپ ئۇنىڭ مۈرىسىگە قونۇپ، ئۇنىڭ تېلېفونىدا يوللىنىۋاتقان ئۇچۇرلارنى كۆزەتتى . ۋاققاس : نەزىرگە ئامېرىكىدىن تاھىر قارىم، دىلشات، تەلئەت ۋە پاتىمە قاتارلىقلار كەلدى ـ دەپ ئۇچۇر يوللىدى قارشى تەرەپكە. قارشى تەرەپتىن دەرھال ئىنكاس كەلدى ـ بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەينى چاغدا بىز تۇتۇش بۇيرىقى چىقارغان مىللى بۆلگۈنچىلەر. ۋاققاس يەنە توختىماي يېزىشنى داۋاملاشتۇردى . تاھىر قارىم دېگەن سېلىمنىڭ ئەڭ يېقىن ئاغىنىسىكەن نامىزنى شۇ چۈشۈردى . قارشى تەرەپتىن : سېنىڭ بۈگۈنكى ئۇچۇر يوللاش ۋەزىپەڭ تۈگىدى . ھازىر يېنىڭغا قارا ئەتلەس كۆينەك كىيىۋالغان بىر خانىم كېلىپ ساڭا سالام قىلىدۇ، ۋەزىپىنى شۇنىڭغا ئۆتكۈزۈپ بەر- دەپ جاۋاپ كەلدى . دەل شۇ ئەسنادا زالغا قارا ئەتلەس كۆينەك، بېشىغا چىمەن دوپپا كىيىۋالغان ئوتتۇز بەش ياشلار چامىسىدىكى بىر خانىم كىرىپ كەلدى، ئۇ ئۇيغۇر ئۆرپ ـ ئادەتلىرى بويىچە تاۋاق قىلىپ كەلگەن ئىدى . خانىم مۇراسىمدىكى خانىملار بىلەن بىر قۇر سالام سائەت قىلىشىپ بولغاندىن كېيىن، سېلىمنىڭ خانىمغا ئېسىلىپ ئىچ-ئىچىدىن شۇنداق ئېسەدەپ يىغلىدىكى زالدىكى كىشىلەرمۇ قايتىدىن مۇسىبەتكە چۆمۈلدى . ئۇ سېلىمنىڭ خانىمغا ئىنتايىن مېھرىبانلىق كۆرسەتتى. ئۇنىڭغا تەسەللى ۋە ئىلھام بەرمەكتە ئىدى . ئۇ خانىم گەپ ئارىسىدا يەنە : مەن ۋەتەندىن كەلگىلى ئىككى ھەپتە بولدى ، غۇلجىغىمۇ بارغان ئىدىم . سېلىمنىڭ ئاكىلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ ، سېلىمدىن ئەنسىرەۋاتقانلار شۇنداق ياخشى تۇرىۋاتىدۇ- دېگەن ئىدىم . ئۇلار تېخى سېلىمگە مەندىن بىرمۇنچە نەرسە ئەۋەتكەن ئىدى- دېدى ئىنتايىن ئېچىنغان قىياپەتتە. سېلىمنىڭ خانىممۇ بۇنىڭغا جاۋابەن، شۇنداق بىر كېلىشمەسلىك بولدى ئاللانىڭ قۇدرىتى بىلەن، كاشكى سېلىمنىڭ جەسىدىنى بولسىمۇ قولىمىزغا ئالالىغان بولساق ئازراق تەسكىن تاپقان بولاتتۇق . بۇ ئىشتا چوقۇم خىتاينىڭ قولى بار- دېدى بېشىغا چىگىۋالغان ئاق ياغلىقىنىڭ ئۇچى بىلەن مۇنچاقتەك تۆكۈلىۋاتقان كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ . ئەتراپتىكى ئاياللارمۇ بىردەك : بۇ ئېنىقلا، سېلىمنىڭ ئۆلۈمىدە خىتاينىڭ قولى بار ئەلۋەتتە ـدېيىشتى غۇلغۇلا

قىلىشىپ . قارا ئەتلەس كۆينەكلىك خانىم ئاياللار سورۇنىدا بىر ئاز ئولتۇرغاندىن كېيىن : مەن خالاجايغا بېرىپ كېلەي ـ دېدى ۋە دەرھال ۋاققاسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ سالام قىلدى. بۇ ـ مەن ئىشقا چۈشتۇم دېگەن مەنانى بىلدۈرەتتى . ۋاققاسىمۇ خانىمنىڭ سالىمىغا جاۋابەن باش لىڭشىتىپ قويدى . سېلىم چۈشىن ئۆزىنىڭ بۇ جىنازە نامزىدا تەخمىنەن يەتتە كىشىنىڭ توختىماي ئۆچۈر يوللاپ ، جىنازە نامزىدا نېمىلەرنىڭ بولىۋاتقانلىقىنى مىنۇت ، سېكۇنتىغىچە قارشى تەرەپكە بىلدۈرۈۋاتقانلىقىنى سېزىپ قالدى . قارشى تەرەپ خىتاي بىخەتەرلىك ئىدارىسى بولۇپ، ئۇلار يەتتە كىشى يوللىغان ئۆچۈرنى سېلىشتۇرۇپ باھالاۋاتماقتا ئىدى . خىتاي بىخەتەرلىك ئىدارىسى سېلىمنىڭ تەقلىدى جىنازە نامزىدا نېمىلەرنىڭ بولىۋاتقانلىقىنى، ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ مەسىلىگە تۇتقان پوزىتسىيەسىنى، شۇنداقلا ئۇلارنى ئۆچۈن خىزمەت قىلىشقا ۋەدە بەرگەن كىشىلەرنىڭ بۇ جەرياندا قانچىلىك ساداقەتمەنلىك بىلەن خىزمەت قىلىدىغانلىقىنى بىلىش ئۆچۈن، ئۇرۇمچىدە يىگىرمە تۆت سائەت ئۆچۈر ئىگەللەش مەركىزى قۇرغان ئىدى . بۇ يەنە ئۇيغۇر جاسۇسلارنى سىنايدىغان ياخشى بىر پۇرسەت ئىدى .سېلىم ئاستا ئۆچۈپ كېلىپ قارا ئەتلەس كۆينەكلىك چوكاننىڭ مۈرىسىگە قونىۋالدى. ئەتلەس كۆينەك ئۆچۈر يوللاشقا باشلىدى:

كىشىلەر سېلىمنىڭ قازاسىدا خىتاينىڭ قولى بار دەۋاتىدۇ- دەسلەپكى ئۆچۈردا.

ـ شۇنداقمۇ؟ قارشى تەرەپتىن دەرھال جاۋاپ كەلدى.

:بۇ ۋەقەنى بۇ دۆلەتنىڭ بىخەتەرلىك ئىدارىسىغا مەلۇم قىلىمىز دەۋاتىدۇ.

ـ دەرھال بۇنىڭغا توسالغۇ بولۇڭلار ! ـ قارشى تەرەپتىن جىددى رەۋىشتە بۇيرۇق كەلدى ۋە ـ سېلىم يوق قىلىندى ئەمما ئۇنىڭ ئورنىغا يەنە بىر سېلىمنىڭ چىقىپ قېلىشىغا قاتتىق توسالغۇ بولۇشىڭىز كېرەك ! شۇ چاغدىلا جوڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ سىزگە قىلغان غەمخورلىقىنى ئاقلىيالايسىز- دېدى كېيىن تەكىتلەپ.

:توسقۇنلۇق قىلىشقا مەن ئاجىزلىق قىلامدىمكىن 007 ئەپەندىم ـ دېدى ئۇ جاۋابەن.

-ماشىنىڭىزنى ييڭىلىدىڭىزمۇ؟

:ھەە ييڭىلىدىم.

-بىز سىزنى يەنە مەبلەغ بىلەن تەمىنلەيمىز ، دەرھال بۇ دۆلەتتىكى شەرقى تۈركىستانچى ئاكتىپ ئايىمگۈلنىڭ قولى بىلەن، ئۇنىڭ ئۆيىگە ئۇيغۇرلارنى توپلاپ ـ بىز باشقىلارغا بىر ئۆمۈر سائەتلىك مەدىكارچىلىقتا ئىشلەپ ئۆتۈپ كېتىمىزمۇ، ھەممىمىز بىرلىشىپ مەبلەغ چىقىرىپ ، بىر تىجارەت قىلمايمىزمۇ، خىتايدەك بىر چوڭ ئىقتىسادى دۆلەتتىن دۇنيا پايدىلىنىۋاتقان يەردە بىزمۇ تېگىشلىك نېسىۋىمىزنى ئالايلى ـ دېگەندەك ئۇسۇللار بىلەن تەشۋىق قىلىپ، كىشىلەرنى سودا ـ تىجارەتكە يۈزلەندۈرۈڭ.

007 :ئەپەندىم، ئايىمگۈل دېگەن بەك يامان خوتۇن ئۇ، ئۆتكەندە بىر تويدا ئۇنىڭغا بۇ تەكلىپنىڭ بىر ئۇچىنىلا چىقارغان ئىدىم . مېنى تىللاپ كەتتى، گېپى بەك سېسىق خوتۇن ئۇ، جادۇگەر، يەتتە قات يەرنىڭ ئاستىدا يىلاننىڭ كۆشەۋاتقانلىقىنى سېزىۋالىدىغان خوتۇن ئۇ ـ دېدى دۇدۇقلاپ. سېلىم شۇ مىنۇتلاردا قارا ئەتلەس كۆينەكلىك خانىمنىڭ بەدەنلىرى غال- غال تىترەۋاتقانلىقىنى سەزدى ھەمدە ـ ھە ، بۇنى ئايىمگۈل تازىمۇ قاتتىق ئەدەپلىۋېتىپتۇدە، ئايىمگۈل ھەقىقەتەن مىللەتچى ئايال جۇمۇ ، خائىنلارنى قانداق بىر تەرەپ قىلىشنى بىلىدۇ ـ دەپ ، پىچىرلىدى.

ـ دەرھال توردا تىللاپ سېستىۋېتىڭ، ھەممە يەرگە تېلېفون قىلىپ، بارغان يېرىڭىزدا ئۇنىڭ يامان گېپىنى قىلىپ ئۇنى ساراڭغا چىقىرىشقا تىرىشىڭ، ئىمكانىيەت بولسا تۆھمەت چاپلاپ ئائىلىسىنى بۇزىۋېتىڭ- دېدى قارشى تەرەپ يول كۆرسىتىپ.

007 :ئەپەندىم باشقا ھەرقانداق ئىش بولسا مەن قىلاي ، ئەمما ئايىمگۈلنى جايلاشنى باشقىلارغا تاپشۇرغان بولسىڭىز، مەن ئۇ خوتۇنغا راستىنلا تەڭ كېلەلمەيمەن. ھەم ئۇ خوتۇن مېنى سەن سىياسەت ۋە باشقا جاماەت ئىشلىرىغا ئارلىشىمەن دېمەي رەستۇران ئېچىپ لەڭمىنىڭنى سات، بولمىسا مەن سېنى بۇ دۆلەتنىڭ بىخەتەرلىك ئىدارىسىگە پاش قىلىپ چېگرادىن قوغلاپ چىقارغۇزىۋېتىمەن، ئاقىۋىتىڭ بابۇر مەخسۇتتىنمۇ يامان بولىدۇ ـ دەۋاتىدۇ. ئۇ خوتۇن مېنىڭدىن سەل گۇمان قىلىۋاتقاندەك تۇرىدۇ ـ دېدى يىلىنىپ.

ـ ئاساسلىق قىبلىنامىڭىز نېمە؟ ئېيتىپ باققان بولسىڭىز ! ـ قارشى تەرەپتىن ئۈچۈر كەلدى يەنە. قارا ئەتلەس كۆينەكلىك خانىم جاۋاپ يوللىدى : چەتئەللەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ كاللىسىدىكى بايراق، شەرقى تۈركىستان دېگەن نامنىڭ ئەسلىدىكى دۆلەت ئۇقۇمىنى ۋە نامايىش دېگەن ئۇقۇملارنى پاك پاكىز يۇيۇش، ھېچ بولمىغاندا بىر مەزگىل كونترول قىلىپ تۇرۇش ـ دېدى ئۇ، ۋەزىپىسىنى چۈشەندۈرۈپ. ـ ياخشى ـ دېدى، قارشى تەرەپ جاۋاپ قايتۇرۇپ ۋە ـ بۈگۈن چۈشتىن كېيىن بۇ جىنازە نامىزىدا نېمىلەر بولدى بىزگە ھەر مىنۇت سەكۇنتلىرىغىچە مەلۇم قىلىپ تۇرىسىز. ئۈچۈرلارنى بىز ئۈگەتكەن تېخنىكا بويىچە يۇيۇپ تۇرۇشنى ئۇنتۇپ قالماڭ . ھەتتا يولدىشىڭىزمۇ ھازىرچە بىلمىسۇن ـ دېدى ئاگاھلاندۇرۇپ . شۇ ئەسنادا ۋاققاسقا بىر تېلېفون كەلدى. بۈگۈن بىر كۈن ۋاققاسنى ئىنچىكە كۆزىتىپ تۇرغان سېلىم بىر تەپتىن قارا ئەتلەس كۆينەكلىك خوتۇننىڭ قارشى تەرەپكە يوللاۋاتقان ئۈچۈرلىرىنى كۆزىتىۋاتقان بولسىمۇ، يەنە بىر تەرەپتىن كۆزى ۋاققاستا ئىدى. ۋاققاس ـ ئالو ـ دېگەنچە دەرھال ئورنىدىن تۇردى ـ دە سىرتقا چاپتى . سېلىم قارا ئەتلەس كۆينەكلىك ئايالنىڭ مۇرىسىدىن ئايرىلىپ، ۋاققاسنىڭ تاز بېشىغا قونىۋالدى ـ دە، ئۇنىڭ بىلەن قارشى تەرەپ ئوتتۇرىسدا بولۇۋاتقان دىئالوگلارغا دىققەت قىلىشقا باشلىدى . ۋاققاس پالاقلاپ يۈگۈرەپ ماشىنىسىغا چىقتى . ئۇنىڭ تاز بېشىدا پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن گەپ تىڭشاپ ئولتۇرغان سېلىم چۈنىمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە ماشىنغا چىقتى.

:ئەمدى گەپ قىلىڭ لىك لىك سى ئەپەندىم ـ دېدى ۋاققاس يانچۇقىدىن قول ياغلىقىنى چىقىرىپ ، تەر تەپچۈرەپ تۇرغان يۈز ـ كۆز بويۇنلىرى ۋە تاز بېشىنى سۈرتكەچ . سېلىم چۈنىمۇ بۇ ئەسنادا چەبدەسلىك بىلەن ئورۇن ئالماشتۇردى ـ دە ۋاققاسنىڭ تېلېفونىنىڭ ئۈستىگە قونىۋالدى. ۋاققاسنىڭ لىك لىك سى ئەپەندىم دەۋاتقىنى خىتاي بىخەتەرلىك ئىدارىسى، ئۈرۈمچى شۆبىسىدە ئىشلەۋاتقان مەخسۇس بۇ دۆلەتتە ئۇيغۇرلارغا ئائىت ئەھۋاللار ھەققىدە ئۈچۈر ئىگەللەيدىغان 004 ئىسىملىك ئۇيغۇر جاسۇس ئىدى . قارشى تەرەپتىن : سەن بىخەتەر جايدىمۇ؟ ـ دېگەن ئاۋاز كەلدى. ـــ شۇنداق ، مەن بىخەتەر جايدا، سىرتقا چىقتىم . ھازىر ماشىنامنىڭ ئىچىدە، قېنى سۆزلەڭ 004 ئەپەندىم ـ دېدى ئۇ قارشى تەرەپنى خاتىرجەم قىلىپ. قارشى تەرەپ سۆزلەشكە باشلىدى : 5 ـ ئىيۇل ئۈرۈمچى ۋەقەسىدىن كېيىن بىر قىسىم بۆلگۈنچى ۋە ئەسەبى كۈچلەر مالايسىيانى پانالىنىدىغان جاي قىلىۋالدى. ئورگىنىمىز يېقىندا بىر يىغىن ئېچىپ ، بۇندىن كېيىنكى جاسۇسلۇق ىستىراتېگىيەرىمىزنى مالايسىياغا قارىتىشنى قارار قىلدۇق. ھازىر ئۇ يەردە ناھايىتى ئىشەنچلىك ۋە كۆپ خىل سىناقلاردىن ئۆتكەن بىر جاسۇسىمىز خىزمەت قىلىۋاتىدۇ. بۇ جاسۇسىمىزغا ياردەملىشىش ئۈچۈن سېنىڭمۇ مالايسىياغا بېرىشىڭنى قارار قىلدۇق . ـ ئەمما 004 ئەپەندىم مېنىڭ بۇيەردە ئائىلەم ۋە خىزمىتىم بار، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ دۆلەتتە جاسۇسلۇق قىلىپ خېلى پىشىپ قالدىم، مالايسىيا مەن ئۈچۈن يات بىر دۆلەت، ھەم ئۇ يەرگە بارسام ھەقلەر مەندىن گۇمان قىلىپ قالامدىكىن . : سەن ئۇنىڭدىن خاتىرجەم بول، مەركەزدە ئېچىلغان دۆلەت بىخەتەرلىكى يىغىنىنىڭ خۇلالسى ۋە بابۇر سەتچىلىكىدىن كېيىن ئورگىنىمىز جاسۇسلارنىڭ ئورنى ۋە ۋەزىپىسىنى ئالماشتۇرۇپ تۇرۇشنى قارار قىلدۇق . شۇڭا سەن كېلەر ھەپتە مالايسىياغا يولغا چىقىسەن. ئەتىدىن باشلاپ تەييارلىقلىرىڭنى قىل . ئائىلەڭ ۋە بالا چاقىلىرىڭ مۇشۇ دۆلەتتە قالىدۇ . ھازىرچە ئىككى يىللىق ۋەزىپە بىلەن بارىسەن . سالاھىيىتىڭ سودىگەر بولىدۇ. يەنى ـ ۋەتەنىنى ھارام يېمەكلىكلەر قاپلاپ كېتىپتۇ ، ئۇيغۇر بولۇش سۈپىتۇم بىلەن ۋىجدانىم چىدىمىدى ، شۇڭا مالايسىياغا بېرىپ، ۋەتەنگە ھالال يېمەكلىكلەر كىرگۈزۈش ئىشىنى قىلماقچىمەن ـ دەيسەن، توگەيدۇ. مالايسىياغا بارىدىغان ئائىرۇپىلان بېلىتىڭ، تۇرىدىغان جايىڭ ۋە ئالدىڭغا چىقىدىغان ئادەم ھەققىدىكى ئۈچۈرلار بىرقانچە كۈن ئىچىدە ساڭا يەتكۈزۈلىدۇ. ـ چۈشەندىم 004 ئەپەندىم، چۈشەندىم ـ دېگەن گەپنى ئاغزى ئاغزىغا تەگمەي تەكرارلايتتى ۋاققاس ھەمدە ـ بۇ دۆلەتتىكى ئىشلارنى قانداق قىلىمىز؟ سورىدى ئۇ خوجايىنىغا قۇللۇق بىلدۈرگەندىن كېيىن . : بابۇر ۋەقەسى ۋە گېرمانىيەدە يۈز بەرگەن بىرقانچىلىغان ئۇششاق جاسۇسلارنىڭ پاش بولۇپ قېلىش ۋەقەسىدىن كېيىن دۆلەت بىخەتەرلىك ئىدارىمىز قارار چىقىرىپ، جاسۇسلارنىڭ ئورنى ۋە ۋەزىپىسىنى قىسقا مۇددەت ئىچىدە ئالماشتۇرۇپ تۇرۇشنى قارار قىلدى. بۇ دۆلەتتىكى ئىشلار ئۈچۈن ئەتلەس كۆينەكلىكنى ۋەزىپىلەندۈردۇق. ھەمدە سېلىم ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن بۇ دۆلەتتىكى شەرقى تۈركىستان كۈچلىرىنىڭ يىلتىزىغا پالتا چېپىلغان بولىدۇ ـ دېدى قارشى تەرەپ. ـ ئەمما 004 ئەپەندىم ، ھېلىقى ئايىمگۈل دېگەن ھازازۇل خوتۇنغا تەڭ كەلمەك بەك تەس. ئۇ سېلىمنىڭ ۋاقىتسىز ئۆلۈمدە خىتاينىڭ قولى بار، سېلىم بۇ دۆلەتتىكى بىردىن بىر ھۆكۈمەت ۋە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى، شۇنىڭدەك كىشىلىك ھوقۇق ئورگانلىرى بىلەن ئالاقە قىلالايدىغان ئېقتىدارلىق ئادىمىمىز ئىدى ـ دەپ داۋراڭ سېلىپ يۈرىدۇ. ئۇ ئايىمگۈل دېگەن خوتۇن يەنە بۈگۈن سېلىمنىڭ تەقلىدى جىنازە نامىزىدىن كېيىن مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپتۇ. ئۇ يەنە بۇ دۆلەتتىكى دۆلەت بىخەتەرلىك ئىدارىسىغا خىتاينىڭ جاسۇسلۇق ۋە سىڭىپ كىرىش ھەرىكەتلىرىدىن ھەزەر ئەيلەش، شۇنىڭدەك ئۇيغۇرلارنىڭ بۇنداق دېموكراتىك دۆلەتتىمۇ خىتاي تەھدىتىدىن

قۇتۇلالمايۋاتقانلىقى ھەققىدە چوڭ ھەجىملىك بىر دوكلات سۇنماقچى ئىكەن. : ئايىمگۈل دېگەن خوتۇندىن سەن ئەنسىرىمە ! ـ دېدى قارشى تەرەپ پىلاننى چۈشەندۈرۈپ ـ ئۇنى توردا تىللاپ پىسخىك ھۇجۇم قىلىپلا باش كۆتۈرەلمەس قىلىۋېتىمىز. يېقىندا مەلۇم بىر تۈركۈم ئاياللار ئارقىلىق ئۇنىڭغا تۆھمەت چاپلاپ يولدىشىدىن ئاجراشتۇرۇپ ، ئائىلىسىنىڭ كۆلىنى كۆككە سورىۋېتىمىز. سېنىڭ مالايسىياغا بارغاندىن كېيىن بىز يېزىپ ئەۋەتكەن ئايىمگۈلنى سېستتىش ئۇچۇرلىرىنى ئۇيغۇر ئامېرىكا جەمىيىتىنىڭ تو ر بېتىدىكى مۇنازىرە مەيدانىغا يوللاش ۋەزىپىسىنىمۇ ئۆز ئۈستۈڭگە ئالىسەن . ئۇندىن باشقا بىز تەربىيەلىگەن ئۇيغۇرچىنى سۇدەك بىلىدىغان بىر قانچە خەنزۇ يولداشلار بار . ئۇلارمۇ دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن ئايىمگۈلنى سېستىپ ، ئەڭ رەزىل يازمىلارنى يازىدۇ. تۆت كۈندە ئايىمگۈل دېگەن خوتۇننىڭ خېيى ئاسمانغا قاراپ ، ئاۋازى ئۆچۈدۇ. بۇنداق پىسخىك ھۇجۇم قىلىش تاكتىكىسى ئورگىنىمىز تەرىپىدىن كۆپ سىناقلاردىن ئۆتكەن. ـ 004 ئەپەندىم، مالايسىيادىكى ۋەزىپەم نېمە بولىدۇ؟ ـ سورىدى ۋاققاس قارشى تەرەپتىن . : ئۆگۈنلۈككە ـ چارشەنبە كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت ئىككىدە سەن تۇرىۋاتقان شەھەردىكى دەۋلىتىمىز كونسۇلخانىسىنىڭ خادىمى ۋاڭ شۈي سەن بىلەن كۆرۈشىدۇ. كېچىكىپ قالماي ۋاقتىدا بار. ۋاڭشۈي ساڭا مالايسىيادا نېمە ئىشلارنى قىلىدىغانلىقىڭنى ئۇختۇرىدۇ ۋە مائاش مۇكاپات پۇللىرىڭنى بېرىدۇ. ئەمما مەن ساڭا مالايسىيادا قىلىدىغان ئىشلىرىڭ ھەققىدە قىسقىچە ئۇچۇر بېرىپ ئۆتەي . سەن مالايسىياغا بارغاندىن كېيىن ئاساسلىقى ئۇيەردىكى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ئىش بېجىرىش ئىشخانىسى ئەتراپىدا يۈرۈپ، بۇ يەرگە سىياسى پانالىق تىلەش ئۈچۈن كەلگەن ئۇيغۇرلارنى بىزگە مەلۇم قىلىسەن . ئۇلارغا تىل ۋە باشقا جەھەتلەردىن ياردەم قىلغان قىياپەتكە كىرىۋېلىپ ، بىزگە ئۇلار ھەققىدە ئۇچۇر يوللايسەن . بىرلا شەرت شۇكى ئىنتايىن سەگەك بولۇشۇڭ كېرەك . بابۇر ماخسۇت سەتچىلىكىدەك ئىككىنچى بىر سەتچىلىكنىڭ چەتئەللەردە كۆرۈلۈپ قېلىشىنى ھۆكۈمىتىمىز ئەسلا خالىمايدۇ . يەنە بىر تەرەپتىن سەن ياشاۋاتقان ئۇ دۆلەتتىكى بېخەتەرلىك ئىدارىلىرىنىڭ كۆزى بىزدە . ئەگەر ئازراقلا چاندۇرۇپ قويساڭ سېنى جاسۇسلۇق بىلەن ئەيىپلەپ چېگرادىن قوغلاپ چىقىرىشى مۇمكىن . ئۇنىڭ ئۈستىگە ئايىمگۈل دېگەن خوتۇننىڭ ئۇ دۆلەتتىكى بېخەتەرلىك ئىدارىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى بارغانچە قويۇقلىشىپ كېتىۋاتىدۇ. ئۇ دۆلەتتە بىز قۇرغان مەخپى تەشكىلات ـ شىنجاڭ توڭشاڭخۈيىنىمۇ بۇ خوتۇن پاش قىلىۋەتتى . بۇ خوتۇننى ئۇ دۆلەتتىكى بېخەتەرلىك ئىدارىسى ئىشقا ئالىدىكەن دېگەن مىش. مىش گەپلەرمۇ بار. ئەگەر بۇ خوتۇن بۇ ئىشقا ئېلىنىپ قالسا بىرىنچى ھۇجۇم نىشانى سەن بولىسەن . شۇڭا بىز سېنىڭ ئورنۇڭنى ئالماشتۇرۇشنى قارار قىلدۇق . سېنىڭ بۇ دۆلەتتە ئېلىپ بارغان، ئۈچنى يوق قىلىش ۋە ئۈچنى يۇيۇش ھەركىتىڭدىن مەركىزى كومىتېت ئىنتايىن مەمنۇن بولدى . ساڭا يېقىندا ھەيران قالارلىق مۇكاپات بار ـ دېدى ئۇ، مۇغەمبەرلەرچە كۈلۈپ . ۋاققاس بولسا ـ باش ئۈستىگە 004 ئەپەندىم، دۆلەتنىڭ پۈتۈنلىكى ئۈچۈن بۇ مېنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك ئىشىم ـ دېدى يەنە بىر چېتىم قۇللۇق بىلدۈرۈپ.

ۋاققاسنىڭ تاز بېشىدا ئولتۇرۇپ بولۇنغان گەپ ـ سۆزلەرنى تولۇق ئاڭلىغان سېلىم چۈشىن نۇرغۇنلىغان سىرلارنىڭ تېگىگە يەتكەندەك ،كاللىسىدا چىگىش بولۇپ كېلىۋاتقان نۇرغۇنلىغان سوباللارغا جاۋاپ تاپقاندەك بولدى. ۋاققاسنىڭ تەر باسقان تاز بەشى ۋىلىلداپ پارقىراپ، قانداقتۇر چەت خىلۋەت بوستانلىقلاردا، ناگان-ناگاندا ئۇچراپ قالىدىغان كىچىك- كىچىك كۆلچەكلەرنى ئەسلىتەتتى. قارشى تەرەپتىكى 004 دېگەن جاسۇسنىڭ ئۈچنى يوق قىلىش ۋە ئۈچنى يۇيۇش دىگىنى شەرقى تۈركىستان دېگەن نامنىڭ ئەسلىدىكى دۆلەت ئۇقۇمىنى يوق قىلىش ، شەرقى تۈركىستاننىڭ ئاي يۇلتۇزلۇق بايرىقىنى يوق قىلىش ۋە نامايىشنى يوق قىلىش ئىدى . سېلىم چۈشىن ۋاققاسنىڭ نېمە ئۈچۈن بۇ دۆلەتتىكى ياشلارنى يىغىپ پۇتبول كوماندىسى قۇرغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى ئەمدى چۈشۈنۈپ يەتمەكتە ئىدى.

ۋاققاس بۇ يىل ئەللىك ياشتا . ئۇنىڭ ئاۋاق ۋە ۋىجىك بەدىنى خۇددى شوراپ تاشلىۋەتكەن شوخۇلىنى ئەسلەتسە، قورۇق بېسىپ، پۈرلىشىپ كەتكەن يۈزلىرى يامغۇر يۇزى كۆرمىگەن شورلۇق يەرلەرنى ئەسلىتەتتى.

سېلىم ئۆزۈندىن بۇيان ۋاققاسنىڭ بۇ دۆلەتتىكى بېنورمال ھەركەتلىرىدىن، شۇنىڭدەك ئۇنىڭ كىرىمى بىلەن چىقىمىنىڭ تازا ماس كەلمەيۋاتقانلىقىدىن گۇمان قىلغان ئىدى. سېلىمنىڭ سەكسىنىنچى يىللاردىلا گۇاڭجۇ، شاڭخەيلەرنىڭ دەرۋازىسىنى چەككەن، ختاينىڭ ئىچكىرى ئۆلكىلىرىدە قاتراپ يۈرۈپ پۇل تاپقان سودىگەر ئاغىنىلىرىنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە، ۋاققاس ختاينىڭ ئىچكىرى ئۆلكىلىرىدە ئوغۇرلۇق، ئاق تاماكا سودىسى قاتارلىقلار بىلەن شۇغۇللانغان ئىكەن . ئۇ ناھايىتى نۇرغۇن ئاق تاماكا بىلەن تۇتۇلۇپ قېلىپ ئىككى يىل كېچىكتۈرۈپ ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان. ئەمما ئارىدىن ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەي كىشىلەر ئارىسىدا ۋاققاس چەتئەلدە ئىكەن ـ دېگەن گەپ، سۆز تارقالغان ئىدى . دېگەندەك ۋاققاس بۇ دۆلەتكە خاتىرجەم كېلىپ يەرلەشكەن . كىشىلەر ئۇنىڭدىن ۋاققاس سېنى ئىچكىردە تۈرمىدە دەپ ئاڭلىغان ئىدۇق، قانداق چىقتىڭ

دەپ سورىسا ئۇ ناھايىتى مەمەدانىلىق بىلەن پۇل خەجلەپ چىقتۇق ، خىتايدا پۇل بولسا نېمىنىنى قىلغىلى بولمايدۇ ـ دەپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلاپ قويغان ئىدى.

ۋاقىقاس قارشى تەرەپكە باشقا بېخەتەر بىر ۋاقىتتا ئالاقىلىشىدىغانلىقىنى ئېيتىپ خوشلاتى ـ دە ، ئالدىراشپ سالدىراپ ماشىنىنىڭ ئىشىكىنى گۈپپىدە ياپقانچە سىرتقا چىقتى . ئۇنىڭ تاز ۋە تەر بىسىپ كەتكەن بېشىنى سېلىم چۈشىن نىجاسەت بىلەن تولدۇرۇپ قويدى ۋە ئاخىرىدا نەشتىرىنى شۇنداق قاتتىق سانجىپ ۋاقىقاسنىڭ بېشىنى چىقىۋالدى . ئۇ ئاغرىققا چىدىماي تاز بېشىنى تاتىلىماقتا ئىدى. بۇ مىنۇتلاردا سېلىم چۈشىن ئۇنىڭ مۇرىسىدە ئولتۇرۇپ، ئاللاغا دۇا قىلدى : ھەي ئۇلۇق ئاللا خائىن، ساتقۇن مۇناپىقلىرنى پەرقلەندۈرەلمەي، بىلەلمەي ئۇلار بىلەن بىر سورۇندا ئولتۇرۇپ تاماق يەيدىغان بېخوت ئادەملىكتىن، ھېچ بولمىغاندا كىمنىڭ خائىن ساتقۇنلىقىنى بىلگەن، ئاران ئۇچ ھەپتە ياشىيالايدىغان بىر چۈشىنگە ئايلاندۇرۇپ قويغانلىقىڭ ئۈچۈن مىڭ مەرتىۋە شۈكرى.

سېلىم چۈشىن خىياللار قايىنىمدا غەرق بولغان ئىدى. تۇيۇقسىز ئۇنىڭ كۆزى تاۋۇتنىڭ ئالدىنقى ئوڭ تەرىپىنى مۈرىسى بىلەن كۆتۈرۈپ كېتىۋاتقان، كۆز ياشلىرىنى توختىماي سۈرتىۋاتقان قەدىناس ئاغىنىسى تاھىر قارىمغا چۈشۈپ قالدى . تاھىر قارىم بېشىغا كونراپ كەتكەن بىر كەپكە شەپكە كىيىۋالغان ئىدى. شەپكە سەل كونراپ قالغىنىغا ۋە ئۇنىڭ بېشىغا سەل چىڭ كېلىپ قالغىنىنى ھېساپقا ئالمىغاندا ناھايىتى مېھرى ئىسسىقلىقى بىلەن ئادەمنىڭ ھېس تۇيغۇلىرىنى سەكسىنىنچى يىللارغا سۆرەپ كېتەتتى . سېلىم بىر قاراپلا ئۇنىڭ بېشىدىكى شەپكىنى توندى . بۇ شەپكىنى ئالى مەكتەپنىڭ ئۈچىنچى يىللىقىدا ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدا، يازلىق تەتىلگە غۇلجىغا كېلىپ تاھىر قارىم بىلەن سېلىم ئىككىسى، ئۈچ دەرۋازىدىكى 10-ماگىزىندىن سېتىۋالغان ئىدى. ئۇ چاغلاردا سېلىمنىڭ رەنا بىلەن ئارىلىشىۋاتقان چاغلىرى ئىدى. رەنا داۋاملىق سېلىمگە مۇشۇ شەپكىڭىز سىزگە بەك يارىشىدۇ .چوقۇم ساخلاڭ . كەلگۈسىدە سىزگە ئوخشاش قاملاشقان بىر ئوغلىمىز تۇغۇلغاندا ئۇنىڭغا كەيگۈزىمىز ـ دەيتتى ناز بىلەن قىزىرىپ تۇرۇپ. بۇنداق چاغلاردا ، بولۇپمۇ رەنا ئۇنى ماختىغان چاغلاردا ئۇ ئىنتايىن خوشال بولۇپ كېتەتتى. رەنا ئېسىگە كېلىشى بىلەن ئۇنىڭ كونا يارىسىغا سۇ سېپىلگەندەك بولدى. ئۇ شۇ مىنۇتلاردا قاتتىق بىر ئۇلۇغ كىچىك تىندى ۋە ـ رەنا سېنى مەن قەلبىمدە ساخلىدىم. مېنى كەچۈر. ئەگەر مەندە ئازراق ۋەتەنپەرۋەلىك ۋە مىللەتچىلىك روھى بار دەپ قارالسا بۇ سەندىن كەلگەن . بېشىمنىڭ ئۈستىدە يىپرىڭ بار ـ دېدى . ئۇ ھەر قېتىم رەنانى يادىغا ئالغاندا ئىنتايىن جاسارەتلىنىپ كېتەتتى . ھەمدە قانداقتۇر تىل بىلەن ئېپادىلەپ بەرگۈسىز بىر سېغىنىش ئوتى ئۇنى چىرمىۋالاتتى . چۈنكى ئۇ رەناغا ئاشىق بولغان، سۆيگەن ۋە بۇ سۆيگۈنى ھازىرغا قەدەر ساخلاپ ۋە توشۇپ كەلمەكتە.

لەۋ ـ ئىنسان ئەزالىرى ئىچىدىكى ئەڭ يالقۇنلۇق ئەزا. ھايات قايناملىرى ئىچىدە يۈز بېرىۋاتقان تۈرلۈك، تۈمەن ئاجايىپ ـ غارايىپ ۋەقەلەر، مۇھەببەت قامۇسى ئىچىدىكى كۆيۈپ كۈل بولۇشلار، قەلبنىڭ پۇچۇلىنىشى، ئادەمنىڭ بىردىنلا كۆيگەن چوغقا ئايلىنىشىدەك سېھرىلىك ۋەقەلەرنىڭ يۈز بېرىشىگە، ئوخشاشمىغان جىنسقا ۋەكىللىك قىلىدىغان ئەشۇ يالقۇنلۇق لەۋنىڭ ئۈچرىشىشى سەۋەپ بولغان.

لەۋ ـ ئىنسان جىسمىنىڭ ماتورى . ئاھ............لەۋلەر، يالقۇنلۇق لەۋلەر . ئىنسانلار نۇرغۇنلىغان مۇھەببەت داستانلىرىنى بىر ـ بىرلىرىنىڭ قۇلاقلىرىغا شىۋىرلىشىپ ئېيتىشىدۇ. ئەمما لەۋ ھازىرغا قەدەر نامىسىز قەھرىمان بولۇپ كەلمەكتە.

سېلىم يەنە ئۇيغۇرلارنىڭ تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر ھەققىدە خىيال سۈرۈپ، ئادەملەر توپى ئارىسىدا بىردە ئۇ ئادەمنىڭ يېڭىگە، بىردە بۇ ئادەمنىڭ چاپىنىنىڭ پېشىگە قونۇپ كېتىۋاتماقتا ئىدى . مەلۇم بىر نەرسە ھەققىدە ئويلانماق ۋە تەپەككۇر قىلماق روھنىڭ ئۆز ـ ئۆزى بىلەن سۆزلىشىشى دىمەكتۇر. سېلىم چۈشىنىنىڭ تەقلىدى جىنازىسى ئۇنىڭ قەدىناس ئاغىنىلىرى تەرىپىدىن ھۆرمەت ۋە ئېكرام بىلەن توشۇلۇپ، زاراتكالىققا بارىدىغان مېيىت ماشىنىسىغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. سېلىم چاققانلىق بىلەن ئاستا ئۇچۇپ تاھىر قارىمنىڭ شەپكىسىنىڭ ئۈستىگە قونۇۋالدى ـ دە، تاھىر قارىم بىلەن بىرلىكتە تەقلىدى جىنازە سېلىنغان ماشىنىغا چىقتى . جىنازە سېلىنغان ماشىنا ئىچىدە تاھىر قارىمدىن باشقا سېلىمنىڭ قەدىناس ئاغىنە ۋە ساۋاقداشلىرىدىن دىلشات، تەلئەت ۋە پاتىمە شۇنداقلا سېلىم بىلەن ئەينى ھېس تۇيغۇ ۋە پىكرىنى ئورتاقلاشقان بىر قانچە يېقىنلىرىمۇ بار ئىدى. ئۇلار يول بويى ئىچىدە ئاللاھۇ ئەكبەر، ئاللاھۇ ئەكبەر ـ دەپ تەكبىر ئېيتىپ ئولتۇراتتى . تاھىر قارىم بولسا توختىماي قۇرئان تىلاۋەت قىلاتتى.

سېلىم چۈشەنگۈن تۇغدىلىق خاتىرىسىدىن ئۈزۈندىلەر

پاكا دىخماق كەلگەن خوجايىن خىتاي يېنىدىكى دىۋىدەك ئېگىز خوتۇنىغا قاراپ كۆزىنى قىسىپ قويۇپ، ئۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئىتتەك ساداقىتىگە قايىل بولۇپ

سېلىم چۈشەنگۈن تۇغدىلىق خاتىرىسىدىن ئۈزۈندىلەر

گېرمانىيە دېگەن يىمەك-ئىچمەك تاللا بازارلىرى يەرلىك خەلقنىڭ ئىستىمال ھوقۇقىنى قوغداش، سۈت باھاسىنىڭ ئۆسۈپ كېتىشىنى تىزگىنلەشنى ئاساس قىلىپ، قارا چاچ خىتايلارغا سۈت پاراشوكى سېتىپ بېرىشنى رەت قىلغان.

بۇنىڭ بىلەن يەرلىك خەلقنىڭ ئىستىمال مەنپەتنى قوغداشتەك ئادىمى مەسئۇلىيەتنى بىلمەسكە سېلىۋېلىپ، پاناھلىنىۋاتقان دۆلەت خەلقىنىڭ ئىستىمال مەنپەتىگە خىيانەت قىلىپ، خىتاي ئالۋاستىلار بىلەن بولغان تارىخى دۈشمەنلىكنى ئىككى تورت تال پېچەك پۇلغا تېگىشىپ، خىتاي قاراڭغۇ بازار تىجارەتچىلەرگە دۇكانلاردىن پارچە ئەلا سۈپەتلىك سۈت مەھسۇلاتلىرىنى ئالدامچىلىق قىلىپ سېتىۋېلىپ يىغىپ بېرىۋاتقان ئۇيغۇر غالچىلارنىڭ تاپان ھەققى بىر مەزگىل قىممەتلەشكەن.

كېينچە بۇلارنىڭمۇ قويرۇقلىرىنى قۇم بېسىپ دۇكانلاردىن سۈت مەھسۇلاتلىرىنى يېغىپ ئېلىش يوچۇقلىرى تۇلۇق ئېتىلىپ قالغاندىن كېيىن، بۇلارنىڭ بىر قىسىملىرى"خىتايغا ياردەم قىلغانلىقىمىزنى بىلمەي ئاشۇنداق ئىشنىمۇ تىجارەت دەپ قىلىدىكەنمىز، كېيىن دىنغا توغرا كەلمەيدىغانلىقىنى بىلىپ ،بۇ ئىشتى قول ئۈزىۋەتتۇق" دەپ ئاتتىن چۈشكەن بولسىمۇ ئىزڭگىدىن پۇتلىرىنى ئېلىشمايلا ئىشلىرىنى ۋاقتىدا يىغىشتۇرۇپ ئىناۋىتىنى بولسىمۇ ساقلاپ قالغان.

بۇلارنىڭ يەنە بىر قىسمى بولسا ،تاللا بازارلىرى چىقارغان قاراردىن قاتتىق ئىچى پۇشۇپ بى ئارام بولۇپ،خىتاي خوجايىنغا گېرمان ۋە گوللان ھۆكۈمىتىنى شۇنداقلا خىتايغا ماسلىشىپ سۈت يىغىپ سېتىشقا قارشى پەتىۋا بەرگەن ئۇيغۇر موللىلارنى تىللاپ بېرىپ ئىچىنى بوشاتقان ۋە مۇنداق دىگەن:

-ماڭقارا يولداش! پايدىسى ياخشى بۇ ئىشنى ......بىز قىلىپ، ئازراق پۇل تاپساق، ماۋۇ بىزنىڭ ئارىمىزدىكى بەزىلەر چىدىماي، ئىجتىمائى ئۇچۇر تور بەتلىرىدە پىتنە ئىغۋا تارقىتىپ، سودىمىزنى ئاخباراتقا ئاشكارىلاپ گېرمان ھۆكۈمىتىگە بىلدۈرۈپ قويدى. بەزى ناخشىچى ئۇيغۇرلار بىزنىڭ ھالال تىجارىتىمىزنى بۇرۇن ناخشىغا قېتىپ تىللىدى، كېيىن چىداپ تۇرالماي ئۆزلىرىمۇ بۇ سودىغا ئارىلىشىۋالدى. بەزى موللىلار تېخى سۈت تىجارىتىنى خەنسۇلار بىلەن بىللە قىلسا ھارام بولدۇ، دەپ دىندا ئاساسى بولمىغان سىياسى پەتىۋالارنى چىقىرىپ، بىزنى مەسئۇلىيەتسىز، خىيانەتكار، دەپ ئەيىپلاشتى، كېيىن ئۆزلىرىمۇ بۇ، ئاتالمىش ھارام سودىنى قىلىشتى. ھارام بولسا ئۇلار نىمىشقا ھارام دەپ تۇرۇپ ئۆزلىرى قىلىدۇ؟ چىدىمىغان گەپ. مانا ئەمدى بۇ، چىدىماسلارنىڭمۇ ئۆسمىسى قانغاندۇ! خوش بولغاندۇ، مۇرادىغا يەتكەندۇ...قاراپ تۇرسۇن! بىز ئۇلارنى نەگە چاقىمىز......؟

-ئەمما ئالاقىلىشىپ تۇرنى! پۇرسەت بولسا يەنە ياردەملىشىمىز جۇمۇ......گۈيتۈزا ھە!

پاكا دىخماق كەلگەن خوجايىن خىتاي يېنىدىكى دىۋىدەك ئېگىز خوتۇنىغا قاراپ كۆزىنى قىسىپ قويۇپ، ئۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئىتتەك ساداقىتىگە قايىل بولۇپ، مۇنداق دېگەن:

-رەھمەت! رەھمەت! سىلەر خاتىرجەم بولسۇن!!!!!!

-ھازىرچە ئەلا سۈپەتلىك سۈتكە ئېھتىياجى بار خەنزۇ يولداشلارنى سىلەرنىڭ يۇرتۇڭلار «شىنجاڭ» غا بارسۇڭ دەپ تەشۋىق قىلىمىز.

ـشىنجاڭلىقلار ئاق كۆڭۈل ،"مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدا ياخشى بۇلۇپ مۇكاپاتلىنىمىز "دەپ ساققىلى بولىدىغان سېغىن قوي، كالا، ئۆچكىلىرىنى سېغىپ ئۆزلىرى ئىچمەي ئىسسىقىدا بۇۋاقلىرىمىزغا بېغىشلاپ سېغىپ ئىچۈرۈپ، سۈتكە بولغان ئېھتىياجىمىزنى سىلەر ۋە بۇ گىرمانلىقلاردىنمۇ ياخشى تەمىنلەيدۇ، مەن يېقىندا شىنجاڭغا بارىما.

ـشىنجاڭدىكى پىچىقى كېسىدىغان بىرىنجى قول رەھبەرلەر ۋە بازار باشقۇرۇش خادىملىرىنىڭ كۈپۈنسىچى بىز خەنسۇلاردىن، بىزدىن بولمىغان يەرلىك مىللى كادىر-ئۇيغۇر لارمۇ بىزنىڭ مەنپەتىمىزگە كۆينەشكە كەلگەندە خەنزۇ خادىملاردىن قېلىشمايدۇ.

ـسىلەر خاپا بولمىسۇن!!! دەپ ھەر بىرسىگە بىر نەچچە يورودىن پۇل بېرىپ تارتۇۋالاپ قايسى بىر رىستۇرانغا ئۇلارنى تەكلىپ قىلغان.

يۇقارقى ئۇچۇرشۇشلارنى ھاۋادا ئۇياق بۇياققا ئۇچۇپ يۈرۈپ ئوغرۇلۇقچە ئاڭلاۋاتقان سېلىم چىۋىنىنىڭ قۇلىقىغا رىستۇرانت زىياپىتى نىڭ خەۋرى ئاڭلانغاندىن كىيىن شۇلگەيلىرى ئېقىپ، سورۇندىن يىراق كەتمەي ،ئەڭ سېسىق بىر خىل ساختا ئەتىر چېچىپ ئۆزىنىڭ سېسىق تەر پۇراقلىرىنى يۇشۇرۇشقا ئۇرۇنغان خىتاي خۇجايىنىنىڭ مۇرىسىگە چاندۇرماي قۇنۇپ،بىر قۇلى بىلەن بۇرنىنى ئىتتۇېلىپ يەنە بىر قۇلى بىلەن قۇلىقىنى يۇلەپ سېسىق تەر پۇرايدىغان خىتاي خۇجايىنىدىن سەسكەنگىنىگە قارىماي ،ئۇلار مېھمان بولماقچى بولغان رىستۇرانت نىڭ ئادىرسىنى ئاڭلاپ بىلىۋېلىشقا تىرىشقان.

مەنبەسى:

گىرمانىيەدىكى ھەر ئىككى ئادەم يىغىلغان سورۇنغا ئۇچۇپ بېرىپ داستىخاندىكى غىزالارغا قونۇپ مەزە قىلغاچ ئەھۋال ئىگىلەيدىغان ئاتاقلىق ژۇرنالىست "سېلىم چىۋىن "نىڭ كۈندىلىك خاتىرىسىدىن ئېلىندى